# ETHNIC UNITY

1
1998



□ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

○ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى قايتا نامايان قىلايلى

□ سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

ISSN 1002-9184
01 >
9 771002 918006



# دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىدرىس بارات خەۋىرى، ئادىل مۇھەممەت فوتوسى

ئىسمائىل ئەھمەد ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىد يەكەن ناھىيە چارباغ يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ھۈسىيىن يۈسۈپ بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشمەكتە.



ئىسمائىل ئەھمەد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھارۇنخان ھاجى (سولدىن 2-كىشى)دىن ھال سورىدى.



ئىسمائىل ئەھمەد پەيزاۋاتتا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان دېھقانلاردىن ھال سورىدى.



ئىسمائىل ئەھمەد ئاتۇشتا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشمەكتە.



ئىسمائىل ئەھمەد يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە پاختىكارلاردىن ئەھۋال ئۇققۇشتى.

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

**ھۆرمەتلىك مۇشتەرىلەر، ئوقۇرمەنلەر:**

بىز سىز بىلەن يەنە بىر قېتىم ژۇرنىلىمىز ئارقىلىق يۈز كۆرۈشكەنلىكىمىزدىن ئىنتايىن خۇرسەندىمىز. باھار بايرىمىڭىزغا، روزا ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، يېڭى بىر يىلدا يېڭى ئامەتلەر سىزگە يار بولسۇن!

1998- يىلى ژۇرنىلىمىز ئۈچۈن، مۇشتەرىلىرىمىز ئۈچۈن، ئاپتورلىرىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق، يېڭىلىق ئۈستىگە يېڭىلىق بولىدىغان بىر يىل: بۇ يىل ژۇرنىلىمىز دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەشھۇر ئەربابلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى، كەڭ ئاپتورلىرىمىز، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەبرىكنامىلىرى، تىلەكلىرى، بېغىشلىما ماقالىلىرىنى ئوردا ئېلان قىلىمىز؛ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تېمىسىغا بېغىشلانغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردىن تاللاپ «جەزبىدار گۈلدەستىلەر» ناملىق توپلام چىقىرىمىز؛ ئۆرۈمچىدە ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىمىز، بۇ پائالىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە مەسلىھەتچىلىرىگە، مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرىغا رەسمىي تەكلىپنامە تارقىتىمىز؛ ژۇرنىلىمىزنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىنى مۇكاپاتلايمىز...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر: بۇ سان ژۇرنىلىمىزنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا ھەر بىر بەتنىڭ ئېگىگە بېرىلگەن «بەت ئاستى چىمەنزارى» دىققىتىڭىزنى جەلپ قىلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشىمىزنىڭ بىر تۈرى. پۈتۈن -پۈتۈن بەتلەرنى ئوقۇشقا ۋاقتى يەتمەيدىغان ياكى رايى بارمايدىغان ئوقۇرمەنلەرگە بۇ بىر قۇر سۆزلۈك ئوقۇشلۇق يېگى ھۆزۈر، چاقماق خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ، «شەيتان لۇغەت» سىزنى پىسەنتكىدە كۈلدۈرىدۇ، دوستلار ئارا تىلەكلەر كۆڭلىڭىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. بىر پۈتۈن ماقالە، ئەسەر يېزىشقا يېتىشەلمىسىڭىز، مۇھەررىرلەرگە، ئاپتور، يازغۇچىلارغا، دوست-بۇرادەر، تونۇشلىرىڭىزغا بىر قۇر سۆزلۈك تىلىكىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ. ئۇ چاغدا «بەت ئاستى چىمەنزارى»دا نامىڭىزنى كۆرۈسىز.

بۇ ساندا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ **«مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21- ئەسىرگە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى»** سەرلەۋھىلىك مۇھىم ماقالىسىنى بەردۇق. بۇ ئەسەردە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە ئائىت زور مەسىلىلەر، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي گەۋدە مىللەت بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ماركسىزملىق مىللەت نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇپەسسەل شەرھلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى كادىرلار يېقىندا سۆزلەنگەندە ناھايىتى ياخشى ئىنكاسقا ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. بۇ قېتىم ئاپتورنىڭ ئالاھىدە ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ژۇرنىلىمىزدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلدۇق. بۇ ساندا يەنە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭنىڭ **«مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى قايتا نامايان قىلايلى»** ناملىق ماقالىسىنى بەردۇق. يۇقىرىقى 2 ئەسەر مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگۈچى خادىملار، تەتقىقاتچىلار، ئوقۇتقۇچىلارنى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پۈتۈن جۇڭگودا ئەڭ ئالىي سەنئەت مۇكاپاتى ھېسابلىنىدىغان **«مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى»**غا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىدىن كىم ئېرىشتى؟ بۇ سان ژۇرنىلىمىزدىكى **«مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ياش ئۇسسۇلچى — دىلنار ئابدۇللا»** دېگەن ماقالە سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىڭىزغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىدۇ.

كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى قىزىقتۇرغان **«ئامېرىكا تەسراتلىرى»** بۇ ساندا **«كرىستال چېركاۋىدا مىلاد بايرىمى ۋە 100 يىلدا بىر ئۇچرايدىغان پۇرسەت»، «6- دۆلەتتىكى سېلىشتۇرما: چىپار لېشەك ۋە «ماما خۇخۇ»»** دېگەندەك كىچىك تېمىلاردا داۋاملاشتى. ئەگەر قىزىقسىڭىز، ئۇنى ئوقۇپ كۆررىسىز.

**«بارماق ھەققىدە پاراڭ» ۋە «زىرايە»، «قاغىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى»** قاتارلىق نەسر ۋە مەسەلدىن شۇنىڭدەك 2 سۆز ئويۇنىدىن تۈزۈلگەن «گۈلدەستە»مىز سىزنى ئانا تىلىمىزنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، تىل مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈلزارىدىن تېخىمۇ جەزبىدار «گۈلدەستە»لەرنى تىزىشقا ئىلھاملاندۇرامدۇ؟ مۇھەررىر مانا مۇشۇنداق كىچىك ھەجىملىك ئەمما مول مەزمۇنلۇق سۆز سەنئىتى بىلەن «گۈلدەستە»مىزگە جۇشقۇن مەزمۇنلارنى قوشۇشنى خالايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئالقىشلايدۇ.

# مۇندەرىجە


## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىلىرى

مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى............. ......................... ئىسمائىل ئەھمەد (4)

ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭدا ................ ئىدرىس بارات خەۋىرى (13)

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى قايتا نامايان قىلايلى... ......................... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى لى شياۋلى (16)

## مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ سەلتەنىتى

يوقسۇللىنىڭ پەرزەنتى، پۇقرالارنىڭ غەمگۈزارى — يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مالسەن توغرىسىدا .......... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى ۋاڭ خوگۈيىن (22)

## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات

بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقىدا سوغۇق قان بولۇش كېرەك ................ جوڭ ۋېن (28)

## جاھانغا نەزەر

ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ......................... ئىدرىس بارات (30)

## تۆھپىكارلار

«مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ياش ئۇسسۇلچى — دىلنار ئابدۇللا ........................ مۇھەممەد سالىھ مەتروزى (36)

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟ ........................ پەرىلەت ئىسرائىل (40)

## دۇنيا مىللەتلىرى

نېمىسلاردا بالىلار تەربىيىسى ........................................ (43)

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ......................... مەتىمىن مۇسا (46)

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

مىللەت ھەققىدە (شېئىر) ............................. تېيىپجان ئېلىيوف (48)

ئۆگىنىش ھەققىدە ............................................ (48)

ھېكمەتلىك سۆزلەر ........................................... (49)



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
نىې ۋېنخۇا (خەنزۇ)
ئىدرىس بارات

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېخەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 56 - سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرى: خەمىت نېغمەت



ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتىرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش


ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى يېڭى كۆزقاراشلار ........................ (50)
دوست تۇتۇش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق ........................ (50)
ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش قېرىشنى تېزلىتىدۇ ........................ (51)
روھىي ساغلاملىقنىڭ 8 ئۆلچىمى ........................ (51)


## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب


ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار، ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سۇنۇلغان بىر سوئال ........................ (52)


## كۈلكە خۇرۇچلىرى


چەت ئەل يۇمۇرلىرى ........................ (54)
ھېسامنىڭ يېڭى لەتىپىلىرى ........................ (55)


## ئوقۇرمەنلەر ساداسى


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ... ... نۇسرەتگۈل ئابدۇرۇسۇل (56)


## گۈلدەستە


ئىككى نەسىر ........................ ئەخمەت ئىمىن (59)
ئوتلۇق تىلەك (شېئىر) ........................ ئۆمەرجان شاۋۇدۇن (60)
قاغىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى (مەسەل) ........................ مۇھەممەت ئىمىن (61)
مەرىپەت مەشئىلى مەڭگۈ مەدھىيىلىنىدۇ («م» ھەرپى بىلەن يورۇشكەن سۆز ئويۇنى) ........................ ئىلھامجان روزى (62)
مىللىي مائارىپ مەبلىغىنى موللاشتۇرايلى، مۇنەۋۋەر مۇئەللىملەرنى مەڭگۈ مەدھىيىلەيلى («م» ھەرپى بىلەن يورۇشكەن سۆز ئويۇنى) ........................ ھامۇت مۇسا (62)


## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ياش ئۇسسۇلچى— دىلنار ئابدۇللا ........................ ئالىم خالىدىن فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 2-بېتىدە: دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى........................ ئىدرىس بارات خەۋىرى، ئادىل مۇھەممەت فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 3-بېتىدە: ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكى ئىچكى ئۆلكىلەردە ........................ ئابلىمىت تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!... ئابدۇسالام ئابدۇراخمان فوتوسى






(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتىرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

ئىسمائىل ئەھمەد

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قۇرۇلتاي پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا چاقىردى. 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئورۇنداپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى شۇكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم شەرەپلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.

## 1. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش ۋە مىللەتلەرنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئورتاق غايە بولۇشى شەرت

دۆلىتىمىز — 56 مىللەت، 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىدىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئارزۇسى. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش، ئورتاق غايىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىش شەرت. غايە كۈرەش نىشانى، مەنىۋى تۈۋرۈك، كۈچ مەنبەسى دېمەكتۇر. ئىلمىي غايىگە ئىگە دۆلەت ۋە مىللەت غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئورتاق نىشان بولغاندا، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بەلگىلەنگەن نىشاننى كۆزلەپ باتۇرلۇق بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالىي نىشانى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا يەنە دەۋرگە مۇناسىپ كۈرەش پروگراممىسى ۋە كۈرەش نىشانىمۇ بولىدۇ. ئۆتكەنكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يىللىرىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق غايە ۋە نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلىشتىن، قان ئاققۇزۇشتىن ئايانماي، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايە، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئورتاق ئارزۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى پۇختا ئىدىيىۋى شەرتكە ۋە سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا كېلەركى ئەسىردە كۆزلەنگەن ئېنىق كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشان: بىرىنچى 10 يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ يەنە 10 يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن

كېيىن، پارتىيىمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا خەلق ئىگىلىكى تېخىمۇ راۋاجلىنىدىغان، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىش؛ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مۇرىنى-مۈرىگە تىرەپ، قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

**كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شەرتى ئاستىدىلا ئورتاق غايىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.** ئورتاق غايە ــــ مۇئەييەن دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سەن-مەن دېمەي ئايرىماي، ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئېتىقادى ۋە ئورتاق ئىنتىلىدىغان نىشانىدۇر، ئۇ كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان يۆنىلىش كۆرسەتكۈچتۇر. كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگودا، ئورتاق غايە بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. ئورتاق غايە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن پايدىلىق؛ ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق غايىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەنە شۇ ئىتتىپاقلىق ئاساس بولۇشى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىر ئورتاق نىشان ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرگىلى، ئورتاق غايە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا، ئورتاق نىشانغا ئىنتىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل بولىدۇ.** ئورتاق نىشاننىڭ ئاساسى ئورتاق مەنپەئەتتۇر. ئورتاق مەنپەئەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ئىتتىپاقلىقتىن ئايرىلمايدۇ. بىزنىڭكىدەك كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتە، مىللەتلەر ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە، ھېچكىم - ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ. تارىختا، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ئەمىن تاپقان ۋاقتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغان ۋاقتى بولغان؛ دۆلەتنىڭ زەئىپلىشىپ ئەنسىزچىلىكتە قالغان ۋاقتى خەلقنىڭ بالايىئاپەتكە قالغان ۋاقتى بولغان. ئورتاق مەنپەئەت بولسا، ئورتاق ئىنتىلىش بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق نىشان، ئورتاق غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈزلۈكسىز ئىلھام بولىدۇ.

**مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.** ئورتاق غايىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇھتاج، ئورتاق غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىمۇ ئوخشاشلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇھتاج. ئىتتىپاقلىق ــــ كۈچ مەنبەسى، غەلىبە ئاساسى. بىزنىڭ 56 مىللەت، 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىدىن ھاسىل بولغان قۇدرەتلىك تەڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچىمىزگە دۇنيادىكى ھەرقانداق كۈچنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق كۈچ بولغاندىلا، بارلىق جاپا-مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرلەرنى يېڭىپ، غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. گۈزەل غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ.

**2. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇلار ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقان**

جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. ھەر مىللەت خەلقى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا، ھايات-ماماتتا بىللە بولۇپ، قەلبداش بولۇپ، ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، پارلاق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي يىپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق تارىخى، كۈرەش تارىخى، ئۆزئارا ئۆگىنىش تارىخى ۋە ئورتاق گۈللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت.

ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكىدەك پايانسىز زېمىن بولۇپ شەكىللىنىشى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شىنجاڭنى مىسالغا ئالساق، بۇ كەڭ زېمىننى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان. مىلادىدىن



ETHNIC UNITY

ئىلگىرى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي دىيار (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە)دا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»نى قۇرۇپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ھەم شىمالىي ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىن پامىرغىچە بولغان 36 يەرلىك ھاكىمىيەتنى باشقۇرغان ھەمدە غەربىي دىيارنىڭ يەرلىك باشلىقلىرىغا ئەمەل مۆھرىنى بېرىپ، ئۇلارنى مەركىزىي خاندانلىقنىڭ ۋەكالىتەن غەربىي دىيار رايونىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەيىنلىگەن. بۇ مۇشۇ رايونلارنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ زېمىنىنى قوغداش ۋە ئېچىش ئۈچۈن ئاجايىپ جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا پۈتۈن دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشقان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى»نى تىنچىتقاندا، غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق كۈچى قاتناشقان؛ چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ تارىخىي پاكىتلار شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەدەنىيىتىنى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان.** جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى دۇنياغا مەشھۇر، بۇ ــ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك قېنىنىڭ ۋە ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى 56 مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەمگىكىنى، جۈملىدىن 56 مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، مول، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ۋە چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

دۇنيا تارىخىدا، نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىي دۆلەتلەر يوقىلىپ كەتتى. جۇڭخۇا ئېلىنىڭ 5000 يىللىق ئۇزاق تارىخى ۋە مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز بىرلىكتە يارىتىپ، ھەمدە ئاياقلانمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئايرىلىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلدى.

**ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە كۈرەش قىلدى.** ئىتتىپاقلىق ــ بىرلىك باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقىسى، بىر ـ بىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىشى، بىر ـ بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىشى تارىخنىڭ ئېقىنىدا بىرلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندى، ھەمدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان ئاڭلىق قاراش ۋە ئاڭغا ئايلاندى.

يېقىنقى زامان تارىخىدا ھەرمىللەت خەلقى ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ غورۇرىنى قوغداش يولىدا تىز پۈكمەي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى. بۇ جەھەتتە يالتىراپ تۇرىدىغان بىر مۇنچە مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. 19 ـ ئەسىردە قوقاند بەگلىكىدىن ياقۇپ بەگ ئەسكەر باشلاپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئاتالمىش «7 شەھەر خانلىقى»نى بەرپا قىلغان ۋاقىتتا، چار روسىيە ئىلى رايونىغا ئەسكەر چىقىرىپ، «ئىلى رايونىنى چار روسىيىگە مەڭگۈلۈك قارىتىۋېلىش»قا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، ئەنگلىيە شىنجاڭغا قارىتا نىيىتىنى بۇزغان ھەمدە شىنجاڭنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرماقچى بولغاندا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۈشمەنگە قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تىز پۈكمەي كۈرەش ئېلىپ بارغان. شۇ جايدىكى ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوراللىق ماسلىشىپ جەڭ قىلغان ھەم چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، شۇنىڭ بىلەن تېزلىكتە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى 1884 ـ يىلى شىنجاڭنى

ئۆلكە قىلىپ قويدى. شىنجاڭ دېگەن سۆز ھەرگىز بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر ئېيتقاندەك، «يېڭى زېمىن» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «كونا زېمىن يېڭىدىن ئەسلىگە قايتىپ كەلدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1933-يىلى جاھانگىرلىكنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭنىڭ قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇردى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاممىنىڭ بىردەك قوزغىلىپ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، بۇ ئەكسىيەتچىل بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت 3 ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، تارىخنىڭ گۆرىگە كۆمۈلۈپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەش داۋامىدا، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئايروپىلان، زەمبىرەك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى، يەنە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ قالدى. ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك ۋەكىلى. ئازادلىق ئۇرۇش داۋامىدا، ئەخمەدجان قاسىم قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە بېيىتىش، جۇمھۇرىيىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى ياراتتى ۋە بىر-بىرلەپ دەۋرىمىزنىڭ زەپەر مارشىنى يېزىپ چىقتى، بۇ جەرياندا زور بىر تۈركۈم قەھرىمان شەخسلەر بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى سۆيىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ئالىيجاناب خىسلىتى چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

**3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى**

ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق غايە يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ — تارىخنىڭ يەكۈنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلغار نەزەرىيىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ كەلدى.** جۇڭگونىڭ كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىمۇ ئىلغار نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلغان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پرولېتارىياتنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولغان ماركسىزم - لېنىنىزم ئارقىلىق ئۆزىنى قوراللاندۇردى ھەمدە جۇڭگونىڭ كونكرېت شارائىتىدا، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ماركسىزم- لېنىنىزمنى ئىجادكارلىق بىلەن بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — دەۋرىمىزنىڭ جېنى، ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت بەلگىلەشتىكى ئىلمىي ئاساسى. مىللىي مەسىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇردى ھەمدە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، توغرا مىللىي سىياسەت بەلگىلىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنۇلار: مىللەتلەر باراۋەرلىك ئاساستا ئىتتىپاقلىشىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش. بۇ سىياسەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، دۇنيا مىقياسىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا «پارتىيىنىڭ

ETHNIC UNITY

تەھرىر بۆلۈم تىلىكى: ژۇرنىلىمىزنى ئالاھىدە قوللىغان قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئالىي ئېھتىرام!

مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئالغا باسىدۇ.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — پرولېتارىيات پارتىيىسى، ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر ئاساسقا، چوڭقۇر تەسىرگە ۋە يۇكسەك ئابرويغا ئىگە.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ھەر مىللەت مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، ئۇ خەلق ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلىشنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ توپ نىشانى قىلىدۇ. پىداكارلىق روھىغا ئەڭ باي، ئۇلار ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشمەيدۇ، مىللەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر ئاساسقا، چوڭقۇر تەسىرگە ۋە يۇكسەك ئابرويغا، شۇنداقلا كۈچلۈك چاقىرىق قىلىش ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈش كۈچىگە ئىگە. پارتىيىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ ھەمدە ھەر مىللەتنىڭ ئىلغارلىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوبۇل قىلىدۇ، پارتىيىمىز كۆپلىگەن مىللىي تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پاكىت شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى مىللەتلەر پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا راۋاج تاپالايدۇ ۋە گۈللىنەلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر ئازاب-ئوقۇبەتتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلگىنى يوق، شۇ دەۋرلەردە ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمىغان. پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى غەلىبىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك يارىتىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. قەتئىي تۈردە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ مەنپەئىتى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

**جۇڭگو كومپارتىيىسى — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى، بىرلىككە كەلتۈرگۈچى يادرو كۈچ.** جۇڭگو كومپارتىيىسى بولمىغان بولسا، جۇڭگودا يادرو بولمىغان بولاتتى، جۇڭگودا قۇمدەك چېچىلىپ كېتىش ۋەزىيىتى ھەتتا پارچىلىنىش يۈز بەرگەن بولاتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپادا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىن ۋە سوتسىيالىزم يولىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بۇنىڭ توپ سەۋەبىدۇر. دېمەك، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ زۆرۈر شەرتى ھېسابلىنىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىدە، پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە مۇھىمى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇھىمى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسا ئاساسەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا باغلىق. بۇ ھال ھەر بىر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرى ئىتتىپاق بولسا، كادىرلار ئىتتىپاق بولسا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى جەلپ قىلغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىدۇ، ئۇلار بىۋاسىتە ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن،

ETHNIC UNITY

سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تايىنىدىغان گەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، تەرەققىياتنى تېزلىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ چىقىش كېرەك. سىياسىي سۈپىتى ياخشى، ئىناۋىتى بار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلارنى ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تاللاپ ئۆستۈرۈپ تولۇقلاش كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى كىشلەردىن بولۇشى كېرەك.

**4. ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمیۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى**

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى بولۇپ، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك.** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سىستېمىسى مىللىي مەسىلىگە دائىر مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق راۋاج تېپىشىنى ۋە ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەزەرىيىلەر. بۇ مۇھىم نەزەرىيىلەردە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن، بۇ نەزەرىيىلەر ماركسىزم مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن، ئۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي سىياسەتنى تۈزۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇشىنىڭ ئىدىيىۋى شەرتى. مۇشۇ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەندىلا، ئاندىن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇغىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ھەمكارلىششى كېرەك.** جۇڭخۇا مىللەتلىرى — بىر چوڭ ئائىلە، ئائىلە ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن قۇدرەت تاپالايدۇ، ئىناق بولغاندىلا، ئاندىن گۈللەپ ياشنىيالايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ تارىخنىڭ ئۇزاق يىللىرىنى

ETHNIC UNITY

بىسىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدۇق، يەنە داۋاملىق تېخىمۇ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن گۈزەل كېلەچەككە بىرلىكتە قەدەم تاشلايمىز. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. 15ـ قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقىمۇ بولىدۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بولىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشى كېرەككى، ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلايدىغان ھەرقانداق تۇيغۇدا بولماسلىقى لازىم. ھەرقايسى مىللەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، ئىناق ئۆتۈشى كېرەك، بۇ — قانۇن ھەر بىر پۇقرادىن ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت.

شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەش خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۈگۈن مەن خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختىلىمەن. بۇ مەسىلىدە مۇنداق بىر قانچە تۈپ نۇقتىئىنەزەرنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇش كېرەك:

1. شىنجاڭ — ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جاي، ئۇيغۇر خەلقى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن، ئۇيغۇر خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىللىق خەلق، ۋەتەنپەرۋەرلىك شانلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق، تارىخ ئېقىنى ئېقىپ كېلىۋاتقان ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشى، يېڭى جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشى ۋە بۇنى شەرەپ دەپ بىلىشى لازىم. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللىي مۇناپىقلار، تارىخىي جىنايەتكارلار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. خەنزۇلارمۇ، باشقا مىللەتلەرمۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە باشقىچە قاراشتا بولسا ھەرگىز بولمايدۇ.

2. خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت شىنجاڭدا ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، بەزى خەنزۇ كادىرلار ۋە ئامما شىنجاڭدا ئىشلىدى، بۇنىڭدىن مەقسەت شىنجاڭنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كۆزلەش، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت، شۇنداقلا بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ، نورمال باشقۇرۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. «خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىش» مەسىلىسى ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس، «خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىش» دېگەن نىيەتنى كۆتۈرۈپ چىقىش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. ئېچىش، گۈللەندۈرۈش داۋامىدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جاينىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلاردىن باشقا يەنە ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق 11 مىللەت بار، شۇنداقلا 30 نەچچە مىللىي تەركىب مەۋجۇت، بۇلار مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونى بولغان بۇ زېمىننى

ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ماڭلاي تەرى ئارقىلىق ئورتاق ئېچىپ، گۈللەندۈرۈپ، قوغداپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگىمۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئۇقتۇردىكى: شىنجاڭ ــ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پارچە گۆھەر زېمىنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولغان ئانا ماكان، ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ئۆتۈپ، ئورتاق كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روناق تېپىشى ئىشقا ئاشىدۇ. تارىخ بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. دېمەك، ھەرقايسى مىللەتلەر چوقۇم بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى، بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، بىر-بىرىگە ياردەملىشىشى، ئىتتىپاقلىقنى ئورتاق قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇشى، چېگرا رايوننى ۋە دۆلەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشى لازىم.

**ئىگىلىكنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.** ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ــ جۇڭگودىكى ھەممە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭمۇ ئاچقۇچى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، قىياپىتى يېڭىلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. بىراق تارىخىي شارائىت، تەبىئىي شارائىتلار، ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتە تېخى چوڭ پەرق بار، "خېلى بىر قىسىم ئادەمنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق. شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز كېرەك. ئىقتىساد راۋاجلانسا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىنغان بولىدۇ. پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە پائال ياردەم بېرىش لازىم. رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنداق بولغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىپ كېتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ ــ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىنى چۆرىدەپ تۇرۇپ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ بىرلىككە كەلگەن، ئوچۇق، رىقابەتلىك ۋە تەرتىپلىك بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش؛ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم ۋەھاكازالار. پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دائىر بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. ئىشىكنى ئىچكىگە ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تاشقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، سىرتتىن مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم قاتارلىق كەم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىگىلىكنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا 2 مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى. پارتىيە 15ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە، ئەخلاقلارغا ئىلھام بېرىش، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**خەلق ئاممىسىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە خەلق ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش لازىم.** مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش كېرەك.

بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى تارىخ ئېقىمىغا خىلاپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە زىت، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىشى ھەقلىق. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ھازىرقى باسقۇچتىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئىنكاسى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى سېپى ئۆزىدىن بولغان قانۇنغا خىلاپ جىنايەتتۇر. بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرغانلىق ھەرگىز كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە دىندارلارغا قاراتقانلىق ئەمەس. بۆلگۈنچىلەر كۆپ ھاللاردا مىللەت، دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار مەلۇم مىللەتكىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، مەلۇم دىنغىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ «دىندىن ۋەز ئېيتىشى» قانۇنغا، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە ۋە دىنىي ئەردەم ـ ئەركاملىرىغا خىلاپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن پۈتۈنلەي باشقا ئىش. ئۇلار ۋەتەنگىمۇ ئاسىيلىق قىلدى، مىللەت ئالدىدىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزدى، دىنغىمۇ تىل تەگكۈزدى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى داۋاملىق تولۇق ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرىمىز، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىمىز. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز.

ھەر مىللەت خەلقى ئىلگىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ئاساسىي قوشۇن بولۇپ كەلگەنىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ يەنىلا شۇنداق بولىدۇ. تارىختا بىز كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىك بۆلگۈنچىلىكلىرىنى تەكرار-تەكرار بىتچىت قىلغانىدۇق، بۆلگۈنچىلىك ھەر بىر قېتىم بىتچىت قىلىنغاندا، بىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەنىدى. ئەلۋەتتە، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز سانلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بەك زور، خەۋپىمۇ بەك چوڭ، شۇڭا ئۇلارغا ھەرگىز كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەققە ياتىدىغان بۇ پرىنسىپلىق مەسىلىدە ھەر بىرىمىزنىڭ كۆڭلىمىز يورۇق، كۆزىمىز روشەن، مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن (پوزىتسىيىمىز ئېنىق) بولۇشى كېرەك، ھەممىمىز بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلچە رەھىم قىلماي پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا دەككە بېرىشىمىز كېرەككى، بىخۇدلۇق قىلىشقا، مەيلىگە قويۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ھېداشلىق قىلىشقا، چاپان يېپىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ـــ زامانىمىزدىكى جۇڭگودىكى تارىخىي ئېقىم. بۇ ئېقىمنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 15ـ قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتىنىمىز بۈيۈك ئائىلىسىدە زور قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشكۈسى.



تەھرىر بۆلۈم تىلىكى: ژۇرنىلىمىزنى ئالاھىدە قوللىغان خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئالىي ئېھتىرام!

# ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭدا

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى قارمىقىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، 10- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىدىنىڭ ھەمراھلىقىدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى، خوتەن شەھىرى ۋە بۇ ۋىلايەتنىڭ چىرا، خوتەن ناھىيىلىرىنى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە بۇ ۋىلايەتنىڭ قاغىلىق، يەكەن، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرىنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى ۋە ئاتۇش شەھىرىنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە بۇ ۋىلايەتنىڭ ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات، كەلپىن ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە ئىسمائىل ئەھمەد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاساس قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن كەڭ ئۇچراشتى، بارغانلىكى جايدا ھەر مىللەت ئاممىسى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. دىن ۋە بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرتنى قايتا گۈللەندۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىرىشىپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيى پارتىيىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تارىخى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش تارىخىدا بىر ئابىدە تىكلەپ بەردى. نۆۋەتتە جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان فاڭجېن، ۋەزىپە، نىشان ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى



ETHNIC UNITY

ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە 15-قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: نۆۋەتتە، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا تونۇش ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بۇ نەزەرىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پۈتكۈل جەريان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە سىڭگەن توپ زىددىيەت، بۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىپادىلىنىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك. بۇ، بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى داۋامىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، بۇ مەركەزگە ئائىلىق بويسۇنۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، «3 كە پايدىلىق بولۇش» قا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسلاھات تەدبىرى جەھەتتە تىرىشىپ تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل ۋە جانلىق بولۇشىمىز لازىم. مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالىغا ماس كېلىشى كېرەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولسىلا، تەجرىبە قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشكە بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ يېڭى يول ئېچىش لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت داۋامىدا جايلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش لازىم. ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇستۇنلۇكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نامراتلارغا بار-يۆلەك بولۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي



قىسمى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى مىللەت مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلىرىگە چېتىلىدۇ. بۇ نەزەرىيە ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىقى بىلەن ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، نۇرغۇن مۇھىم، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئېلىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلمىي قىلىنەما بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

(ژۇرنىلىمىز مۇقاۋىسىنىڭ 2- بېتىگە بۇ توغرىدا سۈرەتلەر بېرىلدى. خەۋەرنى تەييارلىغۇچى ئىدرىس بارات، سۈرەتلەرنى ئادىل مۇھەممەت تەمىنلىگەن)





تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن قوللاش لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش لازىم. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، مىللەت نوپۇسىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قەتئىي، قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىزم بىلەن ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم، ئورگانىك تەركىبىي

ETHNIC UNITY

# مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى قايتا ئامايان قىلايلى

**ـــ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭنى زىيارەت**

**ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى لى شياۋلىن**

يارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەققىي كۈچەيتىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ـــ جياڭ زېمىننىڭ ج ك پ مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىن.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ ـ تاشقان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا، ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭنى زىيارەت قىلدى. يولداش چېن خۇڭ پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۇتۇقلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى، 5 يىلدىن بۇيان مىللەتلەر خىزمىتىدە توپلانغان تەجرىبىلەرنى تولۇق يەكۈنلىدى ۋە ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مۇپەسسەل تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



**مۇخبىر:** پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە غايەت زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. سىزنىڭچە بۇ ئۇتۇقلار ئاساسلىقى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

**چېن خۇڭ:** جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاق مۇددەت قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ، مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئېزىش تۈزۈمىنى يوقىتىپ، مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى ھەققىي تۈردە ئىشقا ئاشۇردى. يېڭى جۇڭگو ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى، سوۋېت جەھەتتە سەكرەش ھاسىل قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىختا تۇنجى قېتىم

ETHNIC UNITY

جۇڭگو مىللەتلەر بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي باراۋەر ئەزاسىغا ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولدى. يېقىنقى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى ناھايىتى قالاق ھالەتتىن تەدرىجىي يوسۇندا زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

بولۇپمۇ پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇردى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا ۋە مۇستەھكەملەنمەكتە. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى كۈچەيتىلدى؛ پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە تەن ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى؛ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» كۆز قارىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرىدا چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

بۇنداق ياخشى مىللىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئازادە مۇھىت يارىتىپ بەردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى كەڭ كۆلەمدە ۋە چوڭقۇر ھالدا جۇشقۇن راۋاجلانماقتا. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك لەنىتى ۋە قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىماقتا. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىككە كەلگەن ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ھەممەنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، باي، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ خىزمەت قىلماقتا.

5 يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور ئۇتۇقلار يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ:

— پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى داۋاملىق، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1996- يىلى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 565 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى 218 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن 81.5% ئاشتى؛ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1300 يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكى 568 يۈەندىن 29.9 % كۆپەيدى؛ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى يەنە 5 مىليونغا يېقىن ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 2000 يۈەندىن يۇقىرى ناھىيە - شەھەرلەر 27گە يەتتى.

— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى تېخىمۇ زورىيىپ، ئۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. 5 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك يېڭى تەدبىرلەرنى قوللاندى. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كادىرلار قوشۇنى ئومۇمىي سانىنىڭ 6.48% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە - مىنىستىر دەرىجىلىك، ۋىلايەت- نازارەت دەرىجىلىك، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 11.96 %، 8.07 %، 7.39 % نى ئىگىلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات ئورۇنلىرىدىكى ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئارىسىدا

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: بارلىق كونا - يېڭى مۇشتەرىلەر روزى ھېيتلارغا مۇبارەك بولسۇن.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 33 مىڭى بار. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ياخشىلانماقتا ۋە بـارا-بارا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشماقتا. 40 ياشتىن تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى% 40 تىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار % 75 نى تەشكىل قىلىدۇ؛ تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا كـادىرلار سانى 1 مىليون 644 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاز سـانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ % 66.2 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مـۇقىـملىقىنى قوغداش، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سـۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

ـــ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئىقتىسادىي جەمئىيەتنىكى تەرەققىياتنىلا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەمئىيەتنىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، پەن ـ تېخنىكا ساپاسى، تەن ساپاسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كـۆتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ھەر تەرەپلىمە ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

مـىللـىي ئـاپتونوم جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، مائارىپ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇكەممەلرەك بولغان مائارىپ سىستېمىسى ۋۇجـۇدقا كەلدى. 1996 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىـجىـلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 16 مىليون 950 مىڭدىن ئاشتى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى مـۇقىـم ئاشتى. ھەر خىل ئوقۇتۇش شەكىللىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشمەكتە.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە خـەلق ئـامـمـىـسـىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىملىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۇبدان راۋاجلاندى. 1996 ـ يىلى مىللىي ئاپتونوم جايلاردا 7979 خىل كىتاب نەشر قىلىنىپ، ئـۇنىڭ ئومۇمىي تىراژ سانى 450 مىليونغا يەتتى؛ 560 خىل ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، ئومۇمىي تىراژ سانى 75 مىليونغا يەتتى؛ 298 خىل گېزىت نەشر قىلىنىپ، ئومۇمىي سانى 1 مىليارد 300 مىليون نۇسخىغا يەتتى.

مىللىي ئاپتونوم جايلار تۈرلىرى تولۇق، ئۈسكۈنىلىرى ئـىلـغـارراق، دىسـلـەپكـى كۆلەمگە ئىگە بولغان رادىئو، تېلېۋىزىيە تورلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 1996 ـ يىلى مىللىي ئاپتونوم جايلار قۇرۇپ چىققان رادىئو ئىستانسىلىرى 205 كە، تېـلـېـۋىـزىـيە ئىستانسىلىرى 215 كە، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىلىرى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىلىرى 13 مىڭ 398 گە يەتتى؛ تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش نىسبىتى ئاشتى ۋە قاپلىنىش دائىرىسى خېلى زور كۆلەمدە كېڭەيدى.

مـىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرى داۋاملىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلەر 516 گە، ئاز سانلىق مىللەت ناخشا ـ ئۇسـۇل ئۆمەكلىرى 61 گە، كىنو ستودىيىلىرى 5 كە يېتىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە نومۇرلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مىللىي تەنتەربىيە ئىشلىرىغا داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىلدى، 1994ـ يـىلى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

ئـاز سـانلىـق مـىللەتلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، مىللىي ئاپتونوم جايلاردا ھەر خىل داۋالاش ئورگانلىرى 15 مىڭ 700 گە، كارىۋات 37 مىڭغا يېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ـــ مـىـلـلـەت نـەزەرىـيـىـســى قۇرۇلۇشى بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مىللەت نەزەرىيىسىدە مىللەتلەرنىڭ ئـىـتـتـىـپـاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش باشتىن ـ ئـاخىر ئاساسىي مىلودىيە، ئەڭ كۈچلۈك سادا قىلىنىپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان 2 خىل زىددىيەتنى توغرا ئايرىپ ۋە توغرا بىر تـەرەپ قـىلـىپ، مـىـلـلـەتـلـەر خـىـزمـىـتىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈش ئىزىغا سېلىشقا تەدرىجىي يۈزلەندۈردى.

ETHNIC UNITY

پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇلغاچقا، مۇقىمسىزلىق ۋە كۆپ ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىلدى، مۇشۇ ئاساستا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

**مۇخبىر:** مىللەتلەر خىزمىتىدە نېمە ئۈچۈن پارتىيە 14- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان مۇشۇنداق زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى؟ بۇ 5 يىلدا بىز قايسى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق؟

**چېن خۇڭ:** 5 يىل مابەينىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدىكى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق تەجرىبىلەردە مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىلار بار:

بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ 3 ئەۋلاد مەركەز رەھبەرلىك كوللېكتىپى توغرا مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. بولۇپمۇ جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3- ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى مىللەتلەر خىزمىتىگە پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلدى ۋە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. پارتىيىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكى ھەققىدىكى قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى سوتسىيالىزم ئومۇمىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارىدى. يولداش جياڭ زېمىن «مىللەتلەر خىزمىتى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش»، «مىللىي - دىنىي خىزمەتتە كىچىك ئىش يوق» دەپ كۆرسەتتى. بۇ مېغىزلىق دانا يوليورۇقلار مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىلغار تىپلار ۋۇجۇدقا كەلدى، كۆپلىگەن ياخشى تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى ۋە توپلاندى.

ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى پائالىيىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 80 - يىللاردا باشلانغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى پائالىيىتى بۇ 5 يىلدا كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. گوۋۇيۈەن 1994 - يىلى «2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»چاقىردى. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئېيى (ھەپتىلىكى)»نى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك قورۇ»قاتارلىق شەكلى كۆپ خىل، ئۈنۈمى زور بولغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يىغىنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە ھەققىدىكى قارارى»غا كىرگۈزدى، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگۈسى.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىي تۈزۈمىدۇر. پارتىيە 14- قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى چۆرىدەپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۆزىنىڭ غايەت

زور ئەۋزەللىكىنى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئوخشاشلا نامايان قىلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشمەكتە.

تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا قارىتا بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ كەلدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنى دەل ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئېخىمۇ ياخشىلاپ باردى. بولۇپمۇ پارتىيە 14ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان توغرىسىدىكى لايىھىنى بەلگىلەش جەريانىدا، «رايونلار ئىقتىسادنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى قەدەممۇ قەدەم كىچىكلىتىش»نى بىر تۈرلۈك مۇھىم فاڭجېن قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۆلچەرلىگۈسىز ئىجابىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىش رولىغا ئىگە. دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىستېمىلار بويىچە ياردەم بەردى. شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم رايونلار ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا يېڭى تىپتىكى ئېخىنكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي بەرپا قىلدى. نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارمۇ ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۆز جايىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى قوغداش»تىن ئىبارەت تۆت فاڭجېننى پۇختا ئىگىلەپ، تەرەققىياتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى.

بەشىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەت مىللەتلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، بىرىنچىدىن، مەركەزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە دۆلەتنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە تايىنىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىش؛ ئۈچىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياردەم بېرىشىگە تايىنىش كېرەك. ئەمەلىيەت مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەندە، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا ئىسپاتلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللەتلەر خىزمىتى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆپلەپ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

ئالتىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى قەتئىي ھالدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز ۋە زەربە بېرىشىمىز، شۇنداقلا غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي ـ دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ «پارچىلاش»، «غەربچىلەشتۈرۈش» ئېلىپ بېرىشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

**مۇخبىر**: پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئەسىر ھالقىيدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ بەردى، مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگىلى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟

**چېن خۇڭ**: پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. 15ـ قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باي-قۇدرەتلىك دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك جۇڭگونى 21ـ ئەسىرگە ئېلىپ كىرگۈسى. ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتتە، مىللەتلەر خىزمىتىدە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن جىددىي ئىشلار بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىقلىرى

ETHNIC UNITY

دېمەك شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈم-ئىجىل بولغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش شەرەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق بولۇش نومۇس» دېيىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا؛ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىدىيىۋى كۆز قارىشى يېڭى بولغان مەزمۇت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشقا؛ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، رەھبەرلىك سەنئىتى كۈچلۈك، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشقا؛ زور سالماقتىكى ئاز سانلىق مىللەت سانائەت ئىشچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك ۋە بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز جارى قىلىنىشىغا ۋە مىللىي مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادكارلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرىدۇ. 56 مىللەت خەلقى ئەڭ زور دەرىجىدىكى بىرلىكمە كۈچى ئارقىلىق، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، 21-ئەسىرنىڭ پارلاق سەھىپىسىنى بىرلىكتە يارىتقۇسى.

(خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى).

## 1996 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى پارتىيىنىڭ كادىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. 1996 - يىلىغا قەدەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ سانى 2 مىليون 500 مىڭدىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كادىرلار قوشۇنى ئومۇمىي سانىنىڭ % 6.48 ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە- مىنىستىر دەرىجىلىك، ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم- ئايرىم ھالدا % 11.96، % 8.07، % 7.39 نى ئىگىلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 33 مىڭ بولۇپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ % 7.47 نى ئىگىلىدى. 5 ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 14 مىڭ 566 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە - مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار 157 نەپەر، ۋىلايەت - نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار 1294 نەپەر، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار 13 مىڭ 115 نەپەر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ياخشىلانماقتا ۋە مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا 40 ياشتىن تۆۋەنلىرى % 40 تىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر % 75نى تەشكىل قىلىدۇ. تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى 1مىليون 644 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ % 66.2 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى، تەرەققىي ئېتىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىدە ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى.

(خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# يوقسۇللىنىڭ پەرزەنتى، پۇقرالارنىڭ غەمگۇزارى

## — يۈنەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مالسەن توغرىسىدا

● ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى ۋاڭ خۇڭۇيىن ●

زىيارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىم بىلەنلا تەسەۋۋۇرۇمدىكى مالسەن مېگەمنى چىرمىۋالدى ھەمدە مەندە ئۈزلۈكسىز تەسىرات قالدۇرۇپ كەلگەن نازارەت دەرىجىلىك بىر كادىرنىڭ ئوبرازى پەيدا بولدى. دالىگە يېتىپ كېلىشىم بىلەنلا بىراۋ ماڭا بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان، ياداڭغۇ بىرەيلەننى كۆرسىتىپ: «يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مالسەن مۇشۇ كىشى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى.

كۆز ئالدىمدىكى مالسەن تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك ياداڭغۇ يۈزىدە يوغان بۇرنى چوخچىيىپ تۇرغان بولۇپ، كۆزەينەكنى قاڭشىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلەر داۋامىدا، مەن ئۇنى بىر قانچە قېتىم كۆردۈم: ئۇ بەزىدە كۈلكە ـ چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلسا، بەزىدە جىم ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ خىيال سۈرەتتى؛ بەزىدە باشقىلار ئاتقان «پو» لارنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتەتتى.

مەن دېكابىرنىڭ باشلىرىدا كۈنمىڭغا كەلگەنىدىم. بۇ دەل شىمالىي ياقلاردىكى داۋ ـ دەرەخلەر يالاڭلىنىپ شۈمشەيگەن، جاندىن ئۆتەرشۈرغان ۋىژىلداپ تۇرغان چاغلار بولۇپ، «نەۋباھار شەھىرى» دەپ ئاتالغان كۈنمىڭدا بولسا داۋ ـ دەرەخلەر ياپيېشىللىقتا ۋە ئىللىقلىقتا چۆمۈلۈپ تۇراتتى. مەن ھاۋا ئوچۇق، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مالسەننىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.

**تاسادىپىي خاتا «سېلىق» تۆپەيلى مەكتەپكە كىرىپ، «ئۆتنە ئالغان» 10 يۈەن بىلەن تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش**

مالسەن 1957 ـ يىلى قارا بۇغداي يىغىم پەسلىدە، يۈننەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قارلىق — ئېگىز تاغلىق رايونىدا، بىر نامرات يىزۇ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 9 ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، كالا ـ قويلىرى بۇلاپ كېتىلگەن، ئۆيلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوقسىزچىلىق دەردىدىن ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كۆچۈرگەن. ئۇلار بۇلاڭچىلار ئۇستىدىن ئەرز قىلاي دېسە، ساۋاتسىز بولغاچقا ئەرز يېزىشقا ئامالسىز قېلىپ پەقەت دەردىنى يىغىدىن ئالغان. بۇ ۋەقە گۆدەك مالسەننىڭ يۈرەك ـ باغرىدا ئۆچمەس داغلارنى قالدۇرغان. يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۇ ۋەقەلەر تونۇگۈنلا يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدىكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ھەر بىر يىزۇ كەنت ـ مەھەللىسىدىن ئۈچتىن بەشكىچە بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئوبدان چۈشەنمىگەچكە، ئوقۇشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش — ھەر بىر ئۆيگە سېلىنغان «ئالۋان- سېلىق» دەپ تونۇپ، مالسەننى «ئەسكەر» ئورنىدا سېلىقنى تۆگىتىشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى باچۇگە بېرىپ ئوقىدى. ئۇنىڭ دادىسى بىر قېتىم كەيپچىلىكتە راست گېپىنى قىلىپ: «ئەينى ۋاقىتتا مالسەننىڭ قولى ئازراق رانى بولغاچقا، كارغا يارىماس ئادەم بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم» دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئويلىمىغان يەردىن تاسادىپىي خاتا «سېلىق» تۆپەيلى ئۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالدى.

مالسەن باچۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدە 4 ـ سىنىپنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇئەللىمنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىغا بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشىغا ماقۇل بولدى. ئۇ بىرقانچە يىل سوغۇق ۋە ئاچلىق ئازابلىرىغا بەرداشلىق بەردى. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق ئاخشاملىرىدا قوناق شېخى دۆۋىسىگە كىرىپ ياتتى. نورمال ئوزۇقلىنالماي قالغان چاغلىرىدا ساۋاقداشلىرىدىن يېمەكلىك ئۆتنە ئېلىپ

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرى يېڭى يىلدا يېڭى ئامەت سىلەرگە يار بولسۇن.

قورسىقىنى توقلاپ ئۆتتى. قايسى بىر يىلى يازدا ئۇ پاشا چېقىشتىن تۇيەيلى بەزگەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداق جاپالىق شارائىتتا ئوقۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئوقۇشتا ئاخىرقى رەتتىن ئىككىنچى بولۇپ ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن مالسەن، ئوقۇشنى ئالدىنقى رەتتىن ئىككىنچى بولۇپ، لىسۇ مىللىتىدىن يېتىشكەن بىر ساۋاقدىشى بىرىنچى بولۇپ تۈگەتتى؛ ئىككىسى ناشى مىللىتىدىن بولغان ئوقۇتقۇچىسى جاڭ يۇنرېننىڭ تەكلىپى بىلەن لىجياڭغا بېرىپ باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى.

مالسەن خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يول راسخوتى تەلەپ قىلغىنىدا، ئاتا - ئانىسى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «ئۇكا - سىڭىللىرىڭ بىرىم - يالىڭاچ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، سەن مال بېقىش يېشىغا يېتىپلا يەنە كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن...» دەپ كايىدى. ئائىلىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچى سىرىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئوقۇشقا بەل باغلىدى - دە، ئەتىسى ئاخشىمى ئاتا - ئانىسى ئۇخلاپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ چاندۇرمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، سىلاپ- سىپاپ ئائىلىنىڭ تەۋەررۇكى — كىچىك قۇمۇش ساندۇقتىن — ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كېلىنگەن ئانىسىنىڭ تويلۇقىنى تېپىپ، ئاز-تولا پۇل ئېلىش مەقسىتىدە ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاستا تارتىپ ئاچقانىدى، لېكىن ساندۇقتىن پۇل چىقمىدى، ۋەھالەنكى ئۇ يەنە ئۇخلىيالمىدى-دە، قۇلۇپنى ئىككىنچى قېتىم ئېچىپ، ساندۇقنى يەنە تۇجۇپىلەپ ئاختۇردى، ئەمما يەنە پۇل تاپالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

مالسەن ئىككىنچى كۈنى ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىغا كەلدى. كوپېراتىپ خىزمەتچىسى بىلەن ئائىلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، ئۇ: «دېھقانچىلىق سايمىنى ئېلىش ئۈچۈن ئائىلىمىزگە 15 يۈەن كېرەك بولۇپ قالدى» دېدى. كوپېراتىپ خىزمەتچىسى دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا، كۆڭلى يۇمشاق بىر پىشقەدەم كىشى مالسەنگە 10 يۈەن قەرز بەرگۈزدى. مالسەن بۇ پۇلنى ئېلىپ ئۇدۇل مەكتەپكە قايتىپ كەلدى، شۇ مەكتەپتىكى مۇئەللىمى جاڭ يۇنرېن مالسەنلەرنى باشلاپ بىرقانچە كۈن پىيادە يول مېڭىپ شىندىيەنگە يېتىپ كېلىپ 2 ھەربىي ئاپتوموبىلنى توستى (مالسەن شۇ چاغدىلا تۇنجى قېتىم بۇ 4 چاقلىق يوغان نەرسىنى كۆرگەنىدى) - دە، ئاپتوموبىلغا چىقىپ ئىمتىھاندىن بىر كۈن ئىلگىرى لىجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىش گۇۋاھنامىسىنى ئالدى ۋە ئىمتىھان بېرىش ئورنىنى كۆرۈۋالدى؛ ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسملىكى ئېلان قىلىنىدىغان كۈنى ئىسملىك ئېلانىغا قارىسا، ئۆزىنىڭ ئىسمى چىقمىدى؛ ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ ئىسمى كۆزىگە چېلىقتى؛ ئۇ تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئىسمى باشقا بىر ئېلاندا كۆرۈنۈپ قالدى؛ ئۇ تۇجۇپىلەپ قاراپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدى - دە، چوغدەك يۈرىكى مۇزدەك سوۋۇپ كەتتى: «دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆز پۇلۇم بىلەن ئوقۇشۇم كېرەك! پۇل بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟» ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا پىيادە مېڭىپ 7 كۈندە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۆيىدىكىلەر مالسەننىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى ۋە «ئەر-ۋاھلارغا ئاتاپ ياغ پۇراتتى». بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالىي كوپېراتىپنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن بوغالتىر بولدى. يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا، ئۇ 2 پارچە ئۇقتۇرۇشنى: بىرى ئالىي كوپېراتىپ بوغالتىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن لىجاڭغا بېرىپ كۇرسقا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشى؛ يەنە بىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

مالسەن 2 ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ لىجاڭغا يېتىپ كەلدى. بوغالتىر كۇرسىدىكى كۇرسانتلار ئۆز ئارا «پو» ئېتىشۋاتقاندا، مالسەن: «مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتتۇم» دېسە، ھېچ كىشى ئىشەنمىدى، نەتىجىدە ئۇ مەغرۇر ھالدا ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ: «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەتنى ئېتىبار بېرىپ ئوقۇتسىمۇ، لېكىن دەرستە يېتىشەلمىسە، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە مەكتەپتىن چېكىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ-دە، كېيىنكى خىزمەت ۋە شەخسىي تەرەققىيات ئىشلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ» دېيىشتى. مالسەن ئوقۇشتىن چېكىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشكە بارغىنىدا، يېتەكچى مۇدىر ئۇنىڭغا: «سىزنى تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىشتىكى مەقسەت سىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش» دېدى.

ETHNIC UNITY

مالىسەن شۇنىڭ بىلەن بوغالتىر بولۇشتىن ۋاز كېچىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ يەنىلا سوغۇقنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ، يوتقان - كۆرپىسىز، يېرىم - يالىڭاچ هالدا كىگىز يەكتەككە ئورۇلۇپ ئوقۇيتتى. 3 يىل ئوقۇش داۋامىدا ئائىلىسى ئۇنىڭغا تىيىن چاغلىق پۇل ئەۋەتەلمىدى، شۇ تۈپەيلى ئۇ ئۆيىنى كۆرۈشكە بىر قېتىملا كېلەلىگەنىدى؛ ئۇ تەتىل مەزگىللىدە مەدىكار ئىشلەش، تاش توشۇش، قۇم يۇدۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ ئوقۇش راسخوتىنى هەل قىلىۋالاتتى. 1958-يىلىغا كەلگەندە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» باشلىنىپ، سىنىپتىكى كۆپىنچە ساۋاقداشلار مەكتەپتىن قېچىپ كەتتى؛ ئۇ ئوقۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىهان بېرىپ كىردى؛ كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى؛ 1 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى؛ ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

**«ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا كېلىپ ئىشلىگىنىمگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمگە ناهايىتى خۇشال بولدۇم»**

مالىسەن ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا: «مەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا كېلىپ ئىشلىگىنىمگە ناهايىتى خۇشال بولدۇم؛ مەن بۇ خىزمەتنى قىزغىن سۆيىمەن. بىر يىل ئىچىدە بىر قىسىم ۋاقتىمنى چىقىرىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئاز - تولا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلىسەم ئوبدان بولغىنى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

مەن كۈنىمىزدا تۇرغان كۈنلەردە هەر كۈنى دېگۈدەك ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يولداشلار بىلەن بىللە بولدۇم. ئۇلارنىڭ مالىسەن هەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى.

شىياۋجاڭنىڭ بىرىنچى قېتىم مالىسەن بىلەن ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى هازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ: ئۇلار شۇ قېتىم نىڭلاڭ ناهىيىسىدىكى ئەڭ نامرات كەنت لەنىنجىڭگە بارغانىكەن؛ كەنتتىكى يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى كەمچىل، ئائىلىسىدە كېسەل كىشىسى بار ناهايىتى نامرات بىر ئائىلىنى كۆرگەن مالىسەن يېنىدىكى 500 يۈەننىڭ هەممىسىنى ئېلىپ دېهقانغا بېرىۋېتىپتۇ؛ ئاندىن ئۆزىنىڭ چاپىنى ۋە ئايغىنى سېلىپ ئۇ دېهقانغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ؛ ئۆزى بولسا توڭۇپ دىر - دىر تىترەپ كېتىپتۇ.

مالىسەننىڭ مۇنداق ئىشلىرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ هەر قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بارغاندا نامرات دېهقانلارنى كۆرگەن هامان يېنىدىكى پۇل - پىچەكلىرىنى، كىيىم - كېچەك ۋە بەتىنكە - كەشلىرىنى تەقدىم قىلىۋېتىدىكەن! جۈملىدىن ئۇ ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەن هامان قىزى ۋە كۈيئوغلىنىڭ بەزى كىيىم - كېچەكلىرى ۋە كەش - خەيلىرى غايىب بولۇپ كېتىدىكەن؛ ئەمەلىيەتتە مالىسەن شۇ نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ دېهقانلارغا بېرىۋېتىدىكەن.

مالىسەن ئاساسىي قاتلامغا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا چۈشكەنلىرىدە ئالدىنئالا قارشى ئېلىشقا ۋە ئۇزىتىشقا چىقماسلىقنى، هەشەمەتچىلىك قىلماسلىقنى، تۆۋەندىكىلەرنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى تاپىلايدىكەن؛ ياكيۇ ۋە قارا بۇغداي قوتۇرمىچى قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، چوڭ - كىچىك تەخسىلەرنى كۆرگەن هامان مالال بولۇپ قالىدىكەن

شياۋ جاڭ بىر قېتىم مالىسەن بىلەن مەلۇم بىر نامرات تاغلىق رايونغا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا بارغىنىدا، ئاخشىمى بىر نامرات دېهقاننىڭكىدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلگەن. نامرات دېهقان مېهمان كۈتۈشكە قۇربى يەتمىگەچكە ناهايىتى ئوڭايسىزلىنىپ قالغان. مالىسەن قىلچە چاندۇرماي «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەندەك قىلىپ، كاڭنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ يولداشلار بىلەن تۈن بويى «لاپ ئۇرۇشۇپ» چىققان. بىر هېجىر قاچا قوناق هارىقىنى قولدىن - قولغا سۇنۇپ ئىچىشكەن. ئۇچاقتىن چىققان ئىس يۈزىنى قارىدىتىپ، كۆزىنى ئېچىشتۇرسىمۇ چاندۇرماي، ۋايىسماي،

ETHNIC UNITY

تـالڭ ئـاتقـىچـه پارىڭنى سېلىشىۋەرگەن. شياۋجاڭ زادى بـەرداشلىـق بېـرەلـمـەي، دېھقان ئاشلىق يايىدىغان بورا ئۈستىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاپ قالغان.

مالسـەن تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئەڭ نامرات كەنت ـ ئائىلىلەرگە بېرىپ چوڭقۇر چۆككەن ھالدا ئىش ئېلىپ بارىدىكەن. 1993ـيىلى، ئۇ جىڭپىڭدىكى مياۋزۇ، ياۋزۇ، دەيزۇ ئـاپتونوم ناھىيىسىگە بارغىنىدا جۇمى لاخۇ يېـزىسىنىڭ ئەڭ نامرات كەنتىگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئۇدا يامغۇر يېغىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى بـولـۇپ، كـۆپچىلىك ئۇنىڭ يامغۇر توختىغاندىن كېيىن بېرىشىنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ بۇ گەپكە پەرۋا قىلماي يامغۇرغا چـۆمۈلگەن ھالدا يولغا چىقىۋەرگەن. بۇ يەرنىڭ قاتناش ئىشلىرى ناھايىتى ناچار بولۇپ، تۈزۈكرەك يول يوق ئىكەن؛ ئۇلار تاغ تۆپىسىدىكى كالا ئىزلىرىنى بويلاپ گاھ مۇدۇرۇپ، گـاھ يىقىلىپ قوپۇپ ئاستا يۈرگەن. مالسـەن يول بويى كـۆپ قېـتىم مۇدۇرۇپ ـ يىقىلىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ ئۈستىبېشى لاي بولۇپ كەتكەن. ھەتتا سائىتىنىڭ بېغىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتكەن؛ شۇنداق قىلىپ ئۇلار 5 سائەت مېڭىپ كەنتكە يېتىپ كېلىشكەن. ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ھال-ئەھۋال سـورىـغـان؛ يـەيدىـغـان ئـاشلىـقىـنىڭ بار-يوقلۇقىنى سـۈرۈشتـۈرگـەن. كەنت ئاھالىسىنىڭ غۇربەت تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋېتىدۇ. ئۇلار: «ھەر ئامال قىـلىپ بۇ كەنت ئاھالىسىگە نامراتلىقتىن قۇتۇلدىغان بىر يولنى چوقۇم تېپىپ چىقىشىمىز لازىم» دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن. ئۇلار كېيىنچىرەك بۇ كەنتكە ھەر يىلى 100 نەچچە مىڭ يۈەن سېلىنما سالدۇرۇپ خۇشپۇراقلىق سىمبو پوگون ئوتى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ئاھالىنى خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگەن.

مالسـەن ئاممىنى قەلبىگە پۈككەچكە، تۆۋەندىن زىيارەتكە كـەلگـەن ئـامـمـىنى ئالاھىدە ئەھۋال بولمىغاندا بىردەك كـۈتۈۋېلىپ تۇرغان. مالسەننىڭ ئائىلىسىگە كۆپ مېھمان كېـلىدىغانلىقى ئۈلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھويلىسىدىكى جىمى كىشىگە ئايان ئىكەن؛ بۇ مېھمانلارنىڭ تـولىـسـى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن ئاما ياكى كادىر ئىكەنلىكىمۇ كۆپچىلىككە ئايان ئىكەن. مىللەتلەر ئىشلىرى كـومىـتېـتىـدىكى يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، مالسەننىڭ ئائىلىسىگە ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 ـ 3 توپ، ئاز دېگەندە 2 ـ 3 كىشى، جىق دېگەندە 10 نەچچە كىشى كېلىپ كېتىدىكەن. ئۇ كەلگەنلەر بىلەن بـەزىـدە سائەت 2 ـ 3 لەرگىچە سۆھبەتلىشىدىكەن. شـۇ تـۈپەيلى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كرېسلولارنىڭ بەزى يـەرلىرى بېـىلىپ زادى كۆتۈرۈلمەس بولۇپ قالغان. ئـاممىمۇ ئۇنى يادىدىن چىقارماي، ئامالىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئالغاچ كېلىپ تۇرغان؛ ھەتتا بەزىلىرى پۇل سېلىنغان كونۋېرتلارنىمۇ ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىدىكەن. لېكىن ئۇ بىرـ بىرلەپ رەت قـىلىپ، ياندۇرۇۋېتىدىكەن، بەزى نەرسىلەرنى قايتۇرۇشقا ئامال بولمىغاندا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش باشقارمىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىۋېتىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم يەرگە بارغاندا يەرلىك ئاما پۇل يىغىپ قىلىپ ئـۇنـىڭغـا سـوۋغـا تـەقدىـم قـىلـىش ئارقىلىق ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. لېكىن ئۇ ناھايىتى كايىغان ھالدا ئۇلارنىڭ شۇنچە كەمبەغەل تۇرۇپ پۇل يىغىش قىلىپ نەرسە سېتىۋېلىپ ئۆزىگە تەقدىم قىلغانلىقىدىن ئـۆكۈنگەن، لېكىن ئاما مالسەننى تېخىما تاماكىسىنى ئېلىشقا قىستاپ تۇرۇۋالغاندا، ئۇ ئېلىپ ماشىنىغا چىقىپلا چۆرۈۋېتىدىكەن. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا مۇنداق بىر لەتىپە تارقىلىپتۇ: مەلۇم بىر كىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايـونـىغا كېلىپ ئۆزىنى «مالسەننىڭ دوستى» دەپ ئاتىۋالغان، ئاما تەرىپىدىن ئالىي مېھمان دەپ قارىلىپ ئالىي دەرىجىدە كۈتۈلگەن. كېيىن شۇ يەردىن بىر كىشى كېلىپ بۇ ئىشنى بايان قىلغاندا، مالسەن ئويان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ ئۇنداق بىر دوستىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان.

مـالسـەن ھەمىشە تۆۋەندىكى ئاممىنىڭ دەرد ـ ئـەھۋالـىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرىدىكەن. جۈملىدىن ئىـدارىـدىـكى خىزمەتچىلەرگە ھىممەت كۆرسىتىشنى ئېـسـىدىن چىقارمايدىكەن. ئۇ پېشقەدەم يولداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئېتىبار بېرىش جەھەتلەردىمۇ كۆزگە كـۆرۈنگەن بولۇپ، تەقسىم قىلىنغان ئۆيىنى 3 قېتىم بـاشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئۇ ھامان قىيىنچىلىقى بـارلارغـا يـاردەم بېـرىـپ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىپ

ETHNIC UNITY

بېرىدىكەن.

مالسەننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مىللەتلەر خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتەلىشى ئۇنىڭ ئىناق ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ رەپىقىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىدىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، بىرقانچە 10 يىلدىن بېرى سۆكۈت ئىچىدە مالسەننىڭ خىزمىتىگە يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ھازىر ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. مالسەننىڭ قىزى شاڭخەي فۇدەن داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاخبارات مەركىزىدە ئىشلەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. مالسەننىڭ مېھمانخانىسىدىكى 2 نەرسە مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى: بىرى، 10 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە «تاغ چىپى» ماركىلىق رەڭلىك تېلېۋىزور بولۇپ، ئاۋازى گاھ چىقىپ، گاھ ئۈزۈلۈپ، رەسىملەر گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىكەن؛ يەنە بىرى، ئەينەك رامكا ئىچىگە ئېلىنغان — مەشھۇر مانجو خەتتاتى گوەن دۇڭشىڭنىڭ مالسەن بىلەن بىرقانچە كۈن بىللە بولغاندىن كېيىن مالسەنگە يېزىپ بەرگەن «ھەممەتلىك كىشى» دېگەن ھۆسنىخېتى.

**ئۇ ھەر يىلى ئاز دېگەندە 4 ئاي ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەكشۈرۈش - تەتقىقات دوكلاتى ۋە ماقالىلەرنى يازغان**

ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى نۇرغۇن يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشسەم، ئۇلارنىڭ مالسەنگە نىسبەتەن تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مالسەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىنى باشقۇرغاندىن بېرى، ئاز دېگەندە 2 جەھەتتىن بۆسۈش ھاسىل قىپتۇ: بىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كومىتېتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا؛ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ، سىياسەت بەلگىلەشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە قارىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى ئۆستۈرۈشكە ھەم ئاساس قاتلامغا ئەۋەتىشكە ئەھمىيەت بېرىپتۇ.

مالسەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر يىلى ئاز دېگەندە 4 ئاي ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۆلكىدىكى 127 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 112 سىگە بېرىپتۇ. ئۇ نۇجياڭ ئوبلاستىغا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشقا بېرىپ، بىراقلا 40 نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇ مەلۇم بىر خىلۋەت كەنتكە بېرىش ئۈچۈن تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، 6 سائەت پىيادە يول يۈرۈپتۇ؛ بۇ يەرلىك كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئۆز كەنتىگە كەلگەن نازارەت دەرىجىلىك كادىرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىكەن. ياشانغان موي‌سىپىتلەر: «سىز بىز كۆرگەن كومپارتىيىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنسەپدارى» دەپتۇ.

مالسەن تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن دوكلات يېزىپ چىقىپ، ئۆلكىلىك پارتكومغا ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللايدىكەن. ياكى شۇ تەجرىبىلەر ئاساسىدا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ يېزىپ چىققان نۇجياڭ شياگۇ جىلغىسىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلاتى ۋە ئۇنىڭ سىماۋ، لىنساڭ قاتارلىق ئوبلاست، ناھىيىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان يەرلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە نامراتلارنى يۆلەش توغرىسىدىكى پىكرى پۈتۈن ئۆلكىدە ئىجابىي تەسىر قوزغاپتۇ.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ چوڭ قورۇسىدا يەنە «2 چىراغ» ھېكايىسى تارقىلىپ يۈرىدىكەن: ھەر كۈنى ئاخشىمى تۈن يېرىم بولغاندا ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 2 چىرىغى: بىرسى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ، يەنە بىرى مالسەننىڭ ئىشخانىسىنىڭ چىرىغى يېقىقلىق تۇرىدىكەن. مالسەن دەم ئېلىش كۈنلىرىلا ئىش قوشۇپ ئىشلەپلا قالماستىن، كېچىلىرىمۇ ئىش قوشۇپ ئىشلەيدىكەن ۋە ياكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، يا



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى قايتۇرۇشقا يېتىشەلمەيمىز.

بولمىسا تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات دوكلاتى يازىدىكەن. مالسەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان بولۇپ، ئۆز جەمەتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ بىر رومان يېزىشقا بەل باغلىغان ۋە تەپسىلىي تىزىسىنى يېزىپ چىققان، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتىدىن رومان يېزىلماي قالغانىكەن. مالسەن شۇنىڭدىن كېيىن ئىشتىياق ـ ھەۋىسىنى پەلسەپە ۋە مىللەت نەزەرىيىسىگە قارىتىپ، شۇ جەھەتلەردىكى نۇرغۇن كىتابلارنى، ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. خىزمەت داۋامىدا بولسا سىياسىي، نەزەرىيە ئۆلچەملىرىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ يۈننەندىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت بىرقانچە زور مەسىلىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئىگىلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەتقىقاتقا ئۇيۇشتۇرۇش، ماسلىشىش ۋە قاتنىشىش ئارقىلىق زور سالماقلىق ماتېرىيالدىن بىرقانچە نۇسخىنى تەييارلاپ ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتىگە دائىر زور سىياسەتلەرنى بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

مەن مالسەننىڭ «يېڭى دەۋر مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىرقانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا» ناملىق 100 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇقراق كېلىدىغان ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم؛ بۇ ماقالە يۈننەن «مىللەتلەر خىزمىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلكىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇ ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى شەرھلىرى چىڭ، نۇقتىئىنەزەرلىرى دادىل، ماتېرىياللىرى راست، ئەمەلىي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن تولۇق مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا چوقۇم ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

(ئابلىكىم تۇردى تەرجىمە قىلدى)



## مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جېجياڭ ئۆلكىسىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە باردى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن جىڭ باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بۇلتۇر 10 ـ ئايدا جېجياڭ ئۆلكىسىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە باردى. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۇتۇقلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئەزالىرىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى، جېجياڭ تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش سىناق رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى پايدىلىق مەبلەغ سېلىش مۇھىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە قوللانغان يار ـ يۆلەك بولۇش ئۇسۇلى ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ ئۆزگىچە يېڭىلىقلار بىلەن تونۇشۇشى ۋە نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى ئۈچۈن يېڭى تەسەۋۋۇر بەخش ئەتتى.

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئەزالىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 16 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭچىڭ شەھىرى شۇنداقلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 105 دۆلەت دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت نامرات ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ، جەمئىي 120 كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان.

(گۈلنار تەرجىمە قىلدى)

# بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقىدا سوغۇققان بولۇش كېرەك

جۇلڭ ۋېن

شىنجاڭدا يەنە بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئەگەر 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى كەڭ كۆلەملىك بوز يەر ئېچىش دولقۇنىنى 1ـقېتىملىق بوزيەر ئېچىش دولقۇنى دەپ قارىساق، ھازىرقىنى 2ـ قېتىملىق بوز يەر ئېچىش دولقۇنى، دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە تەرەققىيات، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا غەربكە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ مول بايلىقىغا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ تەبىئىي بايلىقلار مول رايون بولۇپ، جۇڭگونىڭ كېلەر ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ زاپاس بايلىق بازىسى ھېسابلىنىپلا قالماستىن، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىستىقباللىق رايونلىرىنىڭمۇ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئېچىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان 100 مىليون مو كېلىدىغان بوز يەر بار. بۇ مەملىكىتىمىز بوز يەر كۆلىمىنىڭ 1/4 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئەسلىدىنمۇ كۆپ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان تېرىلغۇ يەر ئەھۋالى ئۈچۈن بىر خۇش خەۋەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان كۆپلىگەن ئۆلكە، شەھەر، چوڭ كارخانىلار شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەدەپ مەبلەغ سالماقتا. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجىنىمۇ جىددىيلىكتىن پەسەيتىدۇ. شۇڭا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق گۈللىنىش بولىدىكى بوز يەر ئېچىش ھەر 2 تەرەپنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. بوز يەر ئاچقانسېرى قىزغىنلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

قىزغىنلىقنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بەزى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇش مەسىلىسى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەزى ئورۇنلار يەرلەرنى ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تەستىقلىۋەتكەن، ھەتتا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە نەچچە مىڭ مو يەرنى، ئورماننى، يايلاقنىمۇ بوز يەر ھېسابىدا ئېچىشقا تەستىقلىۋەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى كىشىلەر قىزىقىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، ئەتراپىكى توغراقلىقلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ چۆللىشىپ كەتكەن.





مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

بۇ خىل ھالەتنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق پىلانسىز بوز يەر ئېچىش ياملاپ كېتىۋەرسە، ئۇنى توسمىساق، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئانچە ياخشى ئەمەس. ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز، چۆل - جەزىرىلىرى كۆپ، ياشاش مۇھىتى مۇشكۇل. ھازىرقى بوستانلىق ئىگىلىكىنى ھەرمىللەت ئاممىسى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن جاپالىق ئىشلىش ئارقىلىق بەرپا قىلغان. بىز ھەرقېتىم چۆل - باياۋانلارنى كۆرەك، تراكتورلار بىلەن ئاغدۇرۇپ ئېچىۋاتقىنىمىزدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۇقمۇ؟

بىزدە بۇنداق ساۋاقلار كۆرۈلۈپ باقمىغانمۇ ئەمەس. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدە ھەددىدىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەنىدۇق. نەتىجىدە بەزى رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئېكولوگىيىلىك سىستېما تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىۋېتىپ، «قۇم ئادەمنى قوغلايدىغان»، «شورلار ئادەملەرنى كۆچۈرۈۋېتىدىغان» ئەھۋاللار كېلىپ چىققانىدى. بۇ خىل ھالەتنى ناھايىتى زور كۈچ چىقىرىپ ئۇڭشاشقا توغرا كەلگەنىدى. بۇنداق ھالەت بۈگۈنكى كۈندە قايتىلانماسلىقى كېرەك.

بوز يەرلەرنى ئېچىش كېرەك، تېرىلغۇ يەرلەرنى يەنىلا كېڭەيتىشىمىز كېرەك، ئەمما لايىقىدا بولۇش كېرەك. يېڭى بىر قېتىملىق بوز يەر ئېچىش دولقۇنى كېلىش پەيتىدە كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك. بوز يەر ئېچىشتا، زادى قانچىلىك كۆلەم - دائىرىدە بولۇش مەسىلىسى ھەم خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدەك شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن بولغان ھەمكارلىشىشنىڭ دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەسىلىسى بىلەن تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن بۇ ئۆلچەمنى ياخشى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرى بىر تۇتاش پىلانلاپ، قائىدە - نىزام بېكىتىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بوز يەر ئېچىشنى تېزدىن ئىلمىي، تەرتىپلىك بولغان ئىزىغا سېلىشى كېرەك.

بوز يەر ئېچىش ھايات بېشىللىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى دېمەكتۇر. بىزمۇ شۇنىڭغا ئىنتىزارمىز.

(مېھراي تاش تەرجىمە قىلدى)

### ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:

*قىزغىن ئوقۇرمەنلەر، سالام سىزلەرگە!*

*مىنۇت - سېكۇنتلاپ يېڭى تۈسكە كىرىۋاتقان تەرەققىيات مەنزىرىلىرى كۆزلىرىڭىزنى قاماشتۇرۇپ، مەنىۋى ئېھتىياجىڭىزنى جۇش ئۇرغۇزغاندۇ؟! كەڭ ئاپتور ۋە قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ باي تەسەۋۋۇرلىرىغا كۆركەم زېمىن ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن «بەت ئاستى چىمەنزارى» سەھىپىسىنى ئاچتۇق. بۇنىڭدا «مۇھەررىردىن، ئوقۇرمەندىن، دوستلار ئارا، چاقماق خەۋەر، ھېكمەتلەر، قەلب چىرىغى، ئىزگۈ تىلەك» دېگەن كىچىك تېمىلار بويىچە سۆزلەر بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇھەررىرنىڭ ياكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ، ئاپتورلارنىڭ ئۆزىگە ياكى ئاپتور، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇھەررىرگە تىلىكى، يىراقتىكى دوستلارنىڭ كۆڭۈل ئىزھارى، بىر-بىرىگە سالام -ئىزگۈ تىلەكلىرى، ياكى بىر - بىرىگە تەقدىم قىلغان ئەقلىيە سۆز - ماقالىلىرى، تەمسىللىرى ئىخچام بىر - ئىككى جۈملە ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ سەھىپىگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشىڭىزغا تەشنامىز.*

**— مۇھەررىردىن**



# ئامېرىكا تەسىراتلىرى

## (ساياھەت خاتىرىسى)

ئىدرىس بارات

### كرىستال چېركاۋدا مىلاد بايرىمى ۋە 100 يىلدا بىر ئۇچرايدىغان پۇرسەت

دىنىي ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي بايراملار بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتىكى مەركەزلىك ئىپادىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلاد بايرىمى (بۈنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرچىدا روژدېستىۋ بايرىمى دەپ ئاتالغان) ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدىكى خەلقلەر ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ تەنتەنىلىك چوڭ بايراملارنىڭ بىرى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ مىلاد بايرىمى تەنتەنىسىنى ۋە مىلاد بوۋاينىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازىنى كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن كۆرۈپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، ئەنە شۇ بايرام كەيپىياتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈش ئىستىكىم بار ئىدى. بۇ خام خىيالىم ئاخىرى رېئاللىققا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. چۈنكى بىزنىڭ ئامېرىكا سەپىرىمىز دەل مىلاد بايرىمى ۋە يېڭى يىل ھارپىسىغا توغرا كېلىۋاتاتتى. ئۇرغۇن ئامېرىكىلىق، ياۋروپالىق، ياپونىيىلىك ساياھەتچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇربان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشىنى ۋە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى سامانى كۆرۈشكە تەقەززا بولغاندەك، مەنمۇ ئامېرىكىنىڭ مىلاد بايرىمى كەيپىياتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە تەقەززا ئىدىم. ئامېرىكا زېمىنىغا قەدەم قويغان كۈنىڭ ئەتىسى دەل مىلاد بايرىمى ھارپىسى ئىدى. مەن يول باشلىغۇچى زېڭ ئەپەندىگە بۇ ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆردى.

12ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنى كەچتە، بىز چۈشكەن «DAYS INN» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىنقى زالى مىلاد بايرىمىغا خاس بېزەلگەنىدى: ئالا-بېشىل چىراغلار بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ مىلاد ئارچىسى قويۇلغان ۋە چاچ-ساقاللىرى يوغۇندىدەك ئاق، ئاق جىيەكلىك قىزىل

ETHNIC UNITY

پوسما ۋە قىزىل چاپان كىيگەن مىلاد بوۋاي (يەنى قار بوۋاي)نىڭ مودېلى قويۇلغان، ئۇنىڭ 2 يېنىغا 2 دانە سوۋغات قۇتىسى قويۇلغانىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يول باشلىغۇچى زېلك ئەپەندى ئاۋۋال بىزنى چوڭ بىر سودا سارىيىغا باشلاپ باردى. پۈتكۈل ساراي ئىچىدىكى سوۋغاتقا تەييارلانغان تاۋارلار سوۋغات لېنتىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى، پۈتكۈل ساراي قويۇق مىلاد بايرىمى تۈسىگە كىرگەنىدى.

كىشىلەر بەس - بەستە قىزىل لېنتىلەر بىلەن بايراملىق سوۋغات تۈسىدە بېزەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىشىۋاتاتتى. ئاندىن بىز لوس - ئانژېلىس شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بۆك - باراقسان قارىغاي - ئارچا دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن جىمىرلاپ تۇرغان بىر مەنزىرىلىك جايغا باردۇق، بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدى ۋە دېرىزىلىرىمۇ زىننەت چىراغلىرى بىلەن ئاجايىپ چىرايلىق بېزەلگەنىدى. بۇ، مىلاد بوۋاينىڭ ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئاسان تېپىپ كىرىشى ئۈچۈن شۇنداق بېزىلەرمىش. چۆپلۈكلەرگە، ئىشىك ئالدىلىرىغا مىلاد بوۋاينىڭ مودېللىرى قويۇلۇپتۇ. يىراقتىن نەزەر تاشلىغان كىشىگە بۇ ئەتراپ خۇددى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار دۇنياسىدەك كۆرۈنەتتى. بىز بۇ مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ تۇرغۇن سۈرەتلەرنى تارتتۇق. كەچ سائەت 9:30 دا بىز لوس - ئانژېلىس شەھىرىدىكى «كرىستال چېركاۋى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ چوڭ خرىستىيان چېركاۋىغا باردۇق. يول باشلىغۇچىلىرىمىز بۇ يەردىكى مىلاد بايرىمى كېچىلىكىنى سائەت 10 دىن 12 گىچە بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىكەن. بىز كېچىكىپ كەپتىمىز. چېركاۋنىڭ سەيناسى مىڭلىغان كىچىك ماشىنا بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. چېركاۋ دەرۋازىسى ئالدىدا ئامېرىكا ساقچى فورمىسى كىيگەن ئەر - ئايال خادىملار تەرتىپ ساقلاۋېتىپتۇ. بىز چېركاۋنىڭ ئالدىنقى زالىغا كىرگەندە، چېركاۋ ئىچى ئادەمگە لىقمۇلىق تولۇپ كەتكەنىدى. ئالدىنقى زال بىلەن چېركاۋ ئىچى تۇرۇشتىن يەرگىچە ئورنىتىلغان چوڭ ئەينەكلەر بىلەن ئايرىلغان بولۇپ، چېركاۋ ئىچىدىكى مەنزىرە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن، ئەمما ئاۋاز سىرتقا ئاڭلانمايدىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يول باشلىغۇچىمىز بىزنى چېركاۋنىڭ رەسمىي مەيدانىغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندى، بىزنى «چەت ئەللىك مېھمانلار ئىدى» دەپ كۆپ چۈشەندۈرۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە چېركاۋ ئىچىدىن بىر نەچچە ئورۇن تاپتى بولغاي، بىزنى باشلاپ كىردى. چېركاۋ ئىچى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك بېزەلگەنىدى: كىرىش ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە «رەئىس سەھنىسى» سىياقىدا سۇپا قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئاشۇ سەھنىگە ئۆتىدىغان يوللاردىن تارتىپ سەھنە ئۈستىگە قەدەر قىزىل پاياندار سېلىنغان، سەھنىنىڭ 2 يېقى ئارچا دەرەخلىرى ۋە ئارچا شاخلىرى رەڭگارەڭ مىلاد چىراغلىرى بىلەن بېزەلگەن؛ چېركاۋ تورۇسى ئاسمان گۈمبىزى شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، تورۇسى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆك ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. بىز سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ سەيناغا قويۇلغان ئورۇندۇقلارغا جايلاشتۇق، مۇشۇ سەينادىلا 500 - 600 ئادەم ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. بىزنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىمىزدىكى پەلەمپەي شەكىللىك رەت - رەت ئورۇنلارنىڭ ئاخىرقى چېكى «كۆك ئاسمان ئۈيۈقى»غا تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭدىمۇ لىق ئادەم. مۆلچەرىمچە، مۇشۇ چېركاۋ ئىچىدە كەم دېگەندە 3000 ئادەم بار ئىدى. مىلاد بايرىمى خرىستىيان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بولۇپ، ھەر يىلى



لوس ئانژېلىس سودا سارىيىدا مىلاد بايرىمىغا تەييارلانغان سوۋغاتلىق تاۋارلار.



چاقماق خەۋەر: قاھار ئوسمان تەرجىمە ئەسىرىڭىزنى 2-ساندا كۆرىسىز.

12ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۈگۈن ئاخشام ئەنە شۇ بايرامنىڭ ھارپىسى. مەن ئىلگىرى خرىستىئان ۋە كاتولىك چېركاۋلىرىغا كىرىپ كۆرگەن، مەسىلەن: تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى مەشھۇر ئايا ـ سوفىيا ئىبادەتخانىسى ئەسلىدە بۈۋى مەريەم چېركاۋسى بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندا خرىستىئان چېركاۋسى ئىكەن. كېيىن تۈركلەر ئۇنى ئايا ـ سوفىيا ئىبادەتخانىسى دەپ ئۆزگەرتكەن. بىز تۈركىيىگە بارغاندا، شۇ جاينى سەيلە قىلغانىدۇق. ئۈرۈمچىدىكى ئەسلىدىكى ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىلا خرىستىئان چېركاۋسى بار ئىدى، ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىلىرىمۇ ئۈرۈمچىدىكى بىردىنبىر كاتولىك چېركاۋسىغا قاراپ تۇرىدۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە كاتولىك مۇخلىسلىرىنىڭ مىسالىرىنى ئاڭلاپ ياتىمىز. ئەمما، چېركاۋ ئىچىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ رەسمىي پائالىيىتىنى كۆرۈشۈم مۇشۇ قېتىم ئىدى. شۇڭا ئالاھىدە دىققەت بىلەن نەزەر سالدىم. (ھەم كىشىلەرمۇ ماڭا دىققەت قىلسۇن دەپ، بېشىمغا ئۇيغۇر چىمەن دوپپىسىنى كىيىۋالغانىدىم. بۇ مەيداندا مېنىڭ بۇ چىمەن دوپپام ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغاندەك ئەمەس.) بۇ چېركاۋدىكى مۇراسىم رەسمىي باشلانغاندا، ئاپئاق چاچلىرىنى چىرايلىق تارىغان، پوپلارچە سالاپەتلىك كىيىنگەن 50 ياشلاردىكى ئىككى ئەر كىشى سەھنە ئالدىغا چىقىپ خۇش چىراي سۆزلەشكە باشلىدى، بىرى سۆزلەپ توختىسا، يەنە بىرى گەپ باشلايتتى، گەپ ئارىلىقىدا ئۇلارمۇ كۈلۈپ قوياتتى، تۆۋەندىكى مۇخلىسلارمۇ پاراق ـ پاراق كۈلۈشۈپ كېتەتتى. مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقمىغاچقا، 2 قىزىقچى چىقىپ «كۈلدۈرگە» ئېيتىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇلارنىڭ «نومۇرى»دىن كېيىن، ئارتىسلارچە چىرايلىق كىيىنگەن 14 ـ 15 ياشلاردىكى 1 قىز بىلەن 1 ئوغۇل ئايرىم ـ ئايرىم سەھنىگە چىقىپ ناخشىلار ئېيتتى... 60 ياشلاردىن ئاشقاندەك قىياپەتتىكى 1 ئاق چاچلىق بوۋاي گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ پىئانىنو چالدى، بىر نۆۋەت چېلىپ توختىغاندىن كېيىن يەنە گۈلدۈراس ئالقىشلار كۆتۈرۈلدى، چاۋاكقا بىنائەن يەنە بىر نۆۋەت چالدى. ئاندىن يەنە پوپچە كىيىنگەن ھېلىقى 2 «قىزىقچى» سەھنىگە چىقىپ، مۇخلىسلارنى كۈلدۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى... مۇراسىم شۇ تەرىقىدە 12 گىچە داۋام قىلدى. سائەت دەل 12 گە قوڭغۇراق ئۇرغاندا، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئالدىن تارقىتىپ بېرىلگەن كىچىك قولچىراغلارنى ياندۇرۇپ، ئاسمانغا قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ، «خرىستماس، خرىستماس» دەپ بىنىڭ ئاۋازدا تووۇلاشقا باشلىدى، بىزمۇ دوراپ شۇنداق قىلدۇق. تورۇستىكى «يۇلتۇزلار» بىلەن قولىمىزدىكى قولچىراغتىن ھاسىل بولغان «يۇلتۇزلار» ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلدى. مىلاد ئاخشىمى پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ھەممە جامائەت تالاغا چىقىپ تەڭلا ئاسمانغا قاراشتۇق. ئاسماندا ئاي تولۇق تولۇنلانغان بولۇپ، ئاجايىپ يورۇق، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. چۈشەندۈرۈلۈشىچە، مىلاد ئاخشىمى ئاينىڭ بۈگۈن ئاخشامقىدەك تولۇنلىنىشى تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش ئىمىش، بۇنداق پۇرسەت ھەر 106 يىلدا 1 قېتىم كۆرۈلەرمىش، لوس ـ ئانژېلىستا 1891 ـ يىلى مىلاد ئاخشىمى ئاي بۈگۈنكىدەك تولۇق تولۇنلانغان ئىمىش، ئەمدى يەنە 2102 ـ يىلى مىلاد ئاخشىمى مۇشۇنداق پۇرسەت قايتا كېلەرمىش. بىز مانا شۇنداق 100 يىلدا بىر ئۇچرايدىغان پۇرسەتكە داخىل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەلەيلىك ھېسابلاپ، مېھمانخانىدىكى ياتاقلارغا قايتتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ، يول باشلىغۇچىدىن ئۇقتۇمكى: ھېلىقى 2 پوپ مەن ئويلىغاندەك «كۈلدۈرگە» ئېيتماپتۇ، بەلكى بىرەيلەن خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «ئىنجىل» توغرىسىدا ئىسپانچە تەپسىر ئېيتىپتۇ، يەنە بىرەيلەن ئۇنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپتۇ. ياتاققا كەلگۈچە قورسىقىم ئېچىپ چىمىلداپ كەتكەنىدى. يۈرەكزادىلىك بىلەن تاموژنىدىن ئاران ئۆتكۈزگەن نېنىمنى يېيىشكە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇرسەت كەلمىگەنىدى. بۈگۈن ئەمدى قايناق سۇغا چىلاپ بىر يەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك چېكىلدى، ئىشىكنى ئاچسام، مالىيە مىنىستىرلىكىدىن بارغان شىياۋۋاڭ ئىسىملىك يىگىت خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ «قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، ھېلىقى نېنىڭىزدىن بولسا، بىر پۇچۇق نان بەرسىڭىزكەن» دەپ تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. «مە، ئالە» دەپ 1 ناننى بېرىۋەتتىم. بىردەمدىن كېيىن قالغان سەپەرداشلىرىم (جۈملىدىن «چەت ئەلگە چىققاندىمۇ نان كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ؟» دەپ مېنى مەسخىرە قىلىپ مىيىقىدا كۈلگەن سەپەرداشلىرىممۇ) يىلىنغان قىياپەتتە مەندىن نان تىلەشتى. ئەمدى ئۇلارغا پۇچۇقتىن، بىر توغرامدىن تارقىتىپ ئۇلارنى خۇش قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ، مىلاد ئاخشىمىدىكى

«نان نەزىرى» بولدى.

مىلاد بايرىمى كۈنى ئەتىگىنى تاماققا چىقساق، بىز تاماق يەۋاتقان رېستوراندا بىر توپ «سەنئەتكار»لار ساز چېلىپ نەغمە قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى خېلى چوڭ، بەزىلىرى بەك كىچىك، ئەجەبلا بىر تەشكىللەنگەن «سەنئەت ئۆمىكى» ئىكەنغۇ، دەپ قاپتىمەن ۋە ئۇلارغا قىزىقىپ بىر پارچە سۈرەتمۇ تارتىۋالدىم. (تۆۋەندىكى قىستۇرما سۈرەتكە قاراڭ) ئۇلار نەغمە قىلىپ، ناخشا ئوقۇپ بولۇپ، سەدىقە يىغىدىغان قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. قارىسام بۇ ئىلياۋ سېۋەتتە 1 دوللارلىق، 5 دوللارلىق، 10 دوللارلىق پۇللار خېلى تۇرىدۇ. بۇ ئىش ئىختىيارىي بولغاچقا، بىز ھېچقايسىمىز پۇل چىقارمىدۇق، راستىنى دېسەم، مېنىڭ يېنىمدىكى پۇلنىڭ ھەممىسى 100 دوللارلىق پۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرنى بېرىۋېتىشكە چىدىمىدىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇ 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان سازچى-ناخشىلار — «سەنئەت ئۆمىكى» ئەمەس، بەلكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەن. تۆۋەندىكى سۈرەتتە، سول تەرەپتە گىتار چېلىۋاتقان كىشى باللارنىڭ دادىسى، 2- رەت ئوتتۇرىدا ئىسكرىپكا چېلىۋاتقان كىشى باللارنىڭ ئانىسى، قالغان ئوغۇل- قىزلار ئۇلارنىڭ پەرزەنتى ئىكەن. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بايراملىق سەدىقە يىغىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۇماقلىقىنى ھەر قېتىم خىيالىمغا كەلسە، ئاز-تولا سەدىقە بېرەلمىگىنىمگە ھېلىغىچە پۇشايمان قىلىمەن.

ئۆتۈپ، 20 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، مېكسىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تىۋانا شەھىرىگە يېتىپ باردۇق. يول باشلىغۇچى بىزنى ماشىنا بىلەن بۇ شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئاۋات سودا كوچىسىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، 2- 3 سائەت سودا-سېتىق قىلىۋېلىشىمىزغا پۇرسەت بەردى. مەن مەيلى ماشىنىدا ياكى كوچىدا پىيادە يۈرگەندە بولسۇن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا يېقىن قوشنا بولغان بۇ ئەلدە كۆرگەنلىرىمنى ئامېرىكا تەرەپكە سېلىشتۇرماقتا ئىدىم. تەبىئىي مۇھىتى ياخشى ۋە گۈزەل سانديېگو شەھىرىگە يېقىن قوشنا بولغان بۇ تىۋانا شەھىرىگە قاراپلا پۈتكۈل مېكسىكا قوشما شتاتلىرىغا باھا بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى كۆزگە چېلىقىپلا تۇرغان رېئاللىق ھەرقانداق ساياھەتچىنىڭ نەزەرىدە ئاجايىپ كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى. مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى 4 دۆلەتكە، يەنى ياۋروپادىكى يۇگوسلاۋىيىگە، ئاسىيادىكى تۈركىيىگە ۋە پاكىستانغا بارغانىدىم. ئالدىنقى يىلى يەنە يۇنەن چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ۋاقىتلىق پاسپورت بىلەن بىرما دۆلىتىنىڭ بىر چېگراشەھىرىگە باردىم. ئۇ چاغدىكى زىيارەتلەردە بۇ قېتىمقىدەك كۈچلۈك سېلىشتۇرما تەسىرات قالمىغانىدى. بۇ قېتىم ئامېرىكىغا كېلىشىم 5-قېتىم چەت ئەل دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشۈم ئىدى. مېكسىكا بولسا، مەن ئۆتكەن 6- دۆلەت دەرۋازىسى ئىدى.






## 6- دۆلەتتىكى سېلىشتۇرما: چىپار ئېشەك ۋە «ماما خوخو»

بىز ئامېرىكا زېمىنىدىكى زىيارىتىمىزنىڭ 6-كۈنى كالىفورنىيە شتاتىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدىكى خۇددى ماي بوياق رەسىمدىكىدەك ئاجايىپ گۈزەل سانديېگو شەھىرى ۋە كورونادو ئارىلىدا سەيلى-سىياھەت قىلدۇق. ئاندىن ئامېرىكا چېگرىسىدىن ماشىنا بىلەن

(مەن تولا بارغان شىنجىن شەھىرىنىڭ شاتوجياۋ بازىرىدىكى جۇڭگو-ئەنگلىيىگە ئورتاق تەۋە بولغان داڭلىق كوچىنى چەت ئەل دەرۋازىسى قاتارىدا ھېسابلىمىدىم ـ ئەلۋەتتە)مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، مېكسىكىنىمۇ ئامېرىكىغا ئوخشاشلا گۈزەل، باي، تەرەققىي قىلغان ئەل، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭدە خۇددى بېيجىڭنىڭ چاڭئەن كوچىسىدىن بىراقلا ئۇرۇمچىنىڭ شياۋشىمېن كوچىسىدىكى ئوپتىۋاي بازارغا كېلىپ قالغان چاغدىكىدەك تۇيغۇ ھاسىل بولدى: ئامېرىكا تەرەپتە ئېچىلىپ كەتكەن قىپقىزىل گۈللەر، ياپيېشىل دەرەخلەر، يېشىل چۆپلۈك مەيدانلار، ئاجايىپ رەڭلىك، كۆركەم سېلىنغان بىنالار، تەپتەكشى يوللار، بىر خىل رەڭدە بىلەن غۇيۇلداپ قاتناۋاتقان بىر-بىرىدىن ئېسىل پىكاپلار، پاكىز، ئازادە كىيىنىپ يۈرگەن كىشىلەر ــ ئىشنى قىلىپ بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى؛ مېكسىكا تەرەپتە، كوچىنىڭ 2 يېقىدا رەتسىز، سۈپەتسىز سېلىنغان ئىمارەتلەر، كوچىدا قالايمىقان توختاپ كەتكەن كونا پىكاپلار، كوچىغا تىزىلغان يايمىلار، ساياھەتچىلەرگە رودىپايدەك چاپلىشىپ مېلىنى ئالغۇزۇش كويىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان تىجارەتچىلەر؛ يىگىلىق تۇيۇلغىنى شۇكى، 4 كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا بىر بوۋاي ۋە 13ـ 14 ياشلاردىكى 2 ئوغۇل بالا دۇمباق ۋە گىتاردەك سازلارنى ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكىغا چېلىپ كوچىنى قىزىتماقتا ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق ماھارىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچىمۇ ياكى شۇ ئۇسۇل بىلەن سەدىقە يىغماقچىمۇ؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇلۇق: دەل

شۇ 4 كوچىنىڭ يەنە بىر دوقمۇشىدىلا، بىز ھايۋاناتلار باغچىسىدا قىزىقىپ كۆرىدىغان بىر چىپار ئېشەك باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە، ساياھەتچىلەرنى مىنگۈزۈپ پۇل يىغىۋېلىشقا توختىتىپ قويۇلغان «كۆرگەزمە ھايۋان» ئىدى. «بۇ مېكسىكىلىقلار ئاجايىپ قىزىق خەقكىنا» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ــ كوچىدا ئۆرە تۇرۇپ بىكاردىن بىكارغا نەغمە قىلىدىكەن، بۇنىڭغۇ مەدەنىي تۇرمۇش دەيلى؛ بىراق مۇنۇ چىپار ئېشەكنى ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا توختىتىپ قويغىنى نېمىسى؟ بىزنىڭ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان جايلىرىمىزدىمۇ ئات-ئېشەكلەرنى ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا باغلاپ قويمايدۇ.» ئەمما ھەيران قالدىمكى، مېكسىكىلىقلارنىڭ رەڭگى -رويى، تەقى-تۇرقى بىز ئۇيغۇلارغا ئاز-تولا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. قارا چاچلىق، قاراكۆز، قاراقاشلىق قاراقۇمچاق چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ، «بۇلار بىز تەرەپلەردىن كەپقالغانمۇ نېمە؟» دېگۈم كەلدى. سېلىشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دۇكانغا كىرىپ سودا قىلىشنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاسلا قاپتىمەن. چۈنكى، يولدا كەلگۈچە يول باشلىغۇچى بىزگە: مېكسىكىدىن ئالتۇن- كۈمۈش كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا ئالتۇن -كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەرزان، دەپ چۈشەنچە بەرگەنىدى. شۇڭا بىز ھاپىلا- شاپىلا قاتار كەتكەن زىبۇ - زىننەت، سائەت، كىيىم- كېچەكلەر ئارىلاشما تىجارەت قىلىنىدىغان دۇكانلارنى ئارىلاشقا باشلىدىم.

تىل ئۇقۇشماسلىق بىزگە چوڭ كاشىلا بولماقتا ئىدى. بىزنىڭ مېكسىكىلىق تىجارەتچىلەر بىلەن سودىلىشىشىمىز گاچىغا گەپ ئۇقتۇرماقتىنمۇ تەسكە توختىماقتا ئىدى. بىز كۆرگەن ئامېرىكا ماگىزىنلىرىدا ھەممە تاۋارنىڭ باھاسى ئېنىق قىلىپ چاپلاپ قويۇلىدىكەن، باھاسى چۈشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ باھاسىمۇ قانچە پىرسەنت چۈشۈ-



گۈزەل كورونادو ئارىلىدىن بىر كۆرۈنۈش



مۇھەررىردىن: غۇلجىدىكى غەيرەت ھەمراجان ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

رۆلكەنلىكى سىلىشتۇرما باھا سۇپىتىدە چاپلاپ قويۇلىدىكەن. باھاسىغا قاراپ،كۆڭلىمىزدە ئۆز پۇلىمىزغا سۇندۇرۇپ بېقىپ، مۇۋاپىق كۆرسەك، پۇلنى بېرىپ مالنى ئالساقلا كۇپايە ئىدى. بۇ مېكسىكىلىق تىجارەتچىلەر پوكەيدىكى مالنىڭ باھاسىنى يېزىپ قويمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ سەپەرداشلار خۇددى بەزىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا خەنزۇچە گەپنى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدا دوراپ، «جىگىما، نىگىما» دەپ، گەپ بىلەن ئىشارەتنى بىرلەشتۇرۇپ ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغاندەك، ھەدەپ سۆزلەپ، ئىشارەت قىلىپ ئاۋارە بولماقتا ئىدى. مەنمۇ شۇ ھاماقەتلەر قاتارىدا ئىدىم، ئەلۋەتتە. ئاخىرى بولماي يانچۇقۇمدىن ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى چىقىرىپ، ئالماقچى بولغان مالنى ئىشارەت قىلىپ، ئاندىن كۆرسەتكۈچ قولۇمنى ھېسابلىغۇچقا چېنەپ ئىشارەت قىلاتتىم، ئۇلار چۈشىنىپ، ھېسابلىغۇچقا مېكسىكا پېسوسى ھېسابىدا بىر مۇنچە سانلارنى چىقىرىۋەتتى. مەن بېشىمنى چايقاپ، ئىنگلىزچە «قىممەت ئىكەن» دەيتتىم. ئۇلار قايتىدىن ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا باھا قوياتتى. مەن يەنىلا قىممەت ئىكەن دەيتتىم. ئاندىن ئۇلار مېنىڭ باھا قايتۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. نەچچە دۇكاندا مۇشۇنداق ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن سۆزلىشۋاتقاندا، مېكسىكىلىق دۇكاندارلار بىزنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋالدىمۇ-قانداق، بىزنى خەنزۇچە ئاھاڭدا «ماما خۇخۇ» دەپ قوياتتى. مېلىنى ئالساق، «شې شې» (رەھمەت) دەپ قوياتتى. «ماماخۇخۇ» دېگەن خەنزۇچە سۆز ئۇيغۇرچە «بىپەرۋا،ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، بىر ئادەمنى «ماماخۇخۇ» دېيىش چۆكتۈرگەنلىك، كەمستكەنلىك بولاتتى. مەن «چىپار ئېشەككىنى كوچىغا باغلاپ قويىدىغان سەندەكلەر «ماماخۇخۇ» بولماي، بىز «ماماخۇخۇ» بولامدۇق تېخى!» دېمەكچىدىم، ئەمما تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ زەردىلىك سۆزۈممۇ ئىچىمدىلا قالدى. مەن ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ ئاخىرى 80 دوللار (650 كوي خەلق پۇلىغا تەڭ)غا 1 دانە 15 گراملىق زولتوي ئالتۇن بىلەزۈك ۋە 1 دانە كۈمۈش بىلەزۈك ئاپتىمەن. 30 دوللارغا 10 تال كۈمۈش زەنجىر ئاپتىمەن. ھەممىمىز ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن، ئالغان نەرسىلىرىمىزنى كۆرگەزمە قىلىشتۇق، بەزىلەر 20 دوللار (170 كوي)غا ئاران 1 تاللا كۈمۈش زەنجىر ئاپتۇ، بەزىلەر 20 دوللارغا 7- 8 تال كۈمۈش زەنجىر ئاپتۇ. ئاز پۇل خەجلەپ جىق نەرسە ئالغانلار قىممەتكە ئۇچراپ قالغانلارنى ئالدىنىپسىلەر، دەپ مازاق قىلىشتى، قىممەت ئېلىۋالغانلار ئەرزان ئېلىۋالغانلارنىڭ مېلىنى «جا» (يالغان) دەپ مازاق قىلىشتى. مەن ئالغان ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن كۈمۈش بىلەزۈكنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئايرىيالمىدىم. شۇ تالاش- تارتىشلار بىلەن بىردەمدىلا ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتىدىغان چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ قاپتىمىز. ئامېرىكا تەرەپتىن مېكسىكا تەرەپكە ئۆتكىچە مېكسىكا چېگرا خادىملىرى ئاسانلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئەمدى مېكسىكا تەرەپتىن ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتكىچە نەچچە يۈزلىگەن ماشىنىلار قاتار ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئامېرىكا تەرەپ بىزنىڭ تېخى چېگرىدىن ھېلىلا چىققان، ھازىر قايتىپ كېتىۋاتىمىز دېگەنلىرىمىزگە پىسەنت قىلماي، پاسپورتقا قاراپ ئادەملەرنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. چوڭ دۆلەت دېگەن مۇشۇنداق چاغدىمۇ چوڭلۇقىنى قىلىدىكەن. ئاخىرى چېگرىدىنمۇ ساق - سالامەت ئۆتۈپ، سائەت 9 لاردا لوس-ئانژېلستىكى ياتىقىمىزغا ئاران كېلىۋالدۇق.

ياتاققا كەلگەندىن كېيىن، بىر خىل خىيال بىر كەمگىچە مېنى ئۇخلاتمىدى: بىز كۆرگەن كالىفورنىيە شتاتىنىڭ لوس-ئانژېلس، ساندىيەگو شەھەرلىرى ۋە كورونادو ئارىلىنىڭ شەرت- شارائىتى بىلەن مېكسىكىنىڭ تىۋانا شەھىرىنىڭ شەرت-شارائىتى ئانچە چوڭ پەرقلەنمىسە كېرەك، نېمىشقا چېگرىنىڭ بۇ تەرىپى شۇ قەدەر تەرەققىي قىلىپ كېتىدۇ-يۇ، ئۇ تەرىپى شۇ ئەبگا پېتىچە تۇرۇۋېرىدۇ؟ ئامېرىكا تەرەپتە ئاۋات كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئېشەك باغلاپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چىرايلىق پىكاپلارنىمۇ قالايمىقان توختىتىپ قويۇشقا بولمايدىكەن. (مېكسىكا تەرەپتىكىدەك كونا پىكاپلار ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئەسكى پىكاپلار تاشلىۋېتىلىدىغان مەيدانلىرىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرىدىكەن. بىز بۇنى شەھەر سىرتىدا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.) بىز دەۋاتقان كالىفورنىيە شتاتىمۇ بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى مېكسىكىنىڭ زېمىنى ئىكەن، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا ئۇنى مېكسىكىنىڭ قولىدىن «سېتىۋالغان» ئىكەن. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇقەدەر تېز تەرەققىي قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەلۋەتتە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا)

لوقۇرمەندىن ئۇچۇر: مەن ئا. راخمان ئەپەندىنىڭ كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان ماقالىسىنى ياخشى كۆرىمەن. (غەيرەت ھەمراجان)



# «مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ياش ئۇسسۇلچى — دىلنار ئابدۇللا

● مۇھەممەد سالىھ مەتروزى ●

ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى، پايتەخت بېيجىڭدا ئىلىم تەھسىل قىلدى. 1982-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ جۇڭگو سەھنىلىرىدە، شۇنداقلا ياپونىيە، مىسىر، كانادا، ئىئوردانىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، تۇنىس، سۈرىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە، سىنگاپور، مالايسىيا، مېكسىكا، ئارگېنتىنا، برازىلىيە، دوماگو، يامايكا، ۋېنېسۇئېلا، ماراكەش، ئېكۋادور، ئاۋمېن، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سەھنىلىرىدە ئۆز ماھارىتى ئارقىلىق ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك، مەڭگۈ ئۆلمەس سەنئەت دۇردانىلىرىنى جەۋلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ قەدىمى تەگكەنلا سەھنە، زاللار ئۇزاققىچە سوزۇلغان تەنتەنە ۋە گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرىغا چۆمدى. ئۇ بارغانلا يەردە خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان دەستە - دەستە رەڭدار گۈللەر ئۇنىڭ قۇچىقىنى تولدۇردى. ئۇ خەلقنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان، تولىمۇ قىممەتلىك تەشەككۈر- ھۆرمەتلەرگە ۋە كاتتا نام - شۆھرەتلەرگە نائىل بولدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇسسۇلغىلا يارالغان نازاكەتلىك ۋۇجۇدى، مەڭگۈ سەنئەتكىلا بېغىشلانغان ئىشتىياقى، سەنئەت خۇمار تاماشىبىنلارغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى خەلق قەلبىدىن ئەبەدىيلىككە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۇ مىللىي سەنئەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرى ۋە يېقىملىق، تەسىرلىك ناخشىلىرى ئارقىلىق، ھەقىقىي سەنئەتكە ئىنتىزار خەلققە ھۆرمەت گۈلدەستىسى ئورنىدا تۇتتى. ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشىقلىرى، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا كەسپىكىلا بېرىلىشى، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تىرىشىشى ئۇنى 20 نەچچە يېشىدىلا ئاجايىپ زور شەرەپلەرگە مۇۋەپپەق قىلدى. خەلق ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ تەلپۈنىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان سۆيۈملۈك قىزى ھەم ئىپتىخارى، دەپ بىلدى.

ئۇ 1986-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «ئارزۇيۇم» ئۇسسۇلى بىلەن 3-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1989-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە «مۇنەۋۋەر ناخشىچى» مۇكاپاتىغا؛ 1990-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «يىپەك يولىدىكى چېچەكلەر» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «10 ياخشى ئارتىس»نىڭ بىرسى بولۇپ، 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ يەنە شۇ يىلى 12-ئايدا يۇنەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «مۇز تاغدىكى ئوت» ئۇسسۇلى بىلەن 1- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل — «شېرىن» ئۇسسۇلى بىلەن 3- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1995- يىل 3- ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك سەنئەت مۇسابىقىسىدە چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا- ئۇسسۇل — «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن» دە يالغۇز كىشىلىك داپ ئۇسسۇلىنى ئويناپ ۋە باش ئۇسسۇلچى بولۇپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ 5- نۆۋەتلىك «مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى»نى باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن «مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بويىچە ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ مۇشۇ مۇكاپات تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلاردىن جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن تۇنجى بولۇپ بۇ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىردىنبىر سەنئەتكار ھېسابلىنىپ، ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىغا پۈتۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە گۇۋاھنامە بەردى ۋە ئۇنى مۇكاپاتلىدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1992- يىل 10- ئايدا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان» دەپ ئەنگە ئېلىندى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىندى؛ 1992- يىل 12- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى؛ 1994- يىل 12- ئايدا جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ 20- ئەسىردىكى ئۇسسۇل كلاسسىكلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش بويىچە كۆرەك قىلىش تەشكىلىي ھەيئىتى ۋە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ 20- ئەسىردىكى ئۇسسۇل كلاسسىكلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش بويىچە كۆرەك قىلىش سەنئەت كومىتېتى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى ھەمدە كلاسسىك ئۇسسۇللاردىن «چىنە - تەخسە ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» نى ئورۇنداپ، باھالاش تەشكىلىي ھەيئىتى ۋە سەنئەت كومىتېتى تەرىپىدىن «ئۇسسۇلچىلىق ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى؛ 1995- يىل 8- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش كاتتا مەرىكە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. 1997- يىل 9- ئايدا ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت فېستىۋالىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، پۈتكۈل سەنئەت بايرىمىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى ھەمدە دۇنيا سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، «ئەڭ يۇقىرى ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلى تارىخىغا يېڭى بىر سەھىپە قوشتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى ئېچىپ، شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن دىلنار ئابدۇللا قاتارلىق مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى مۇكاپاتلىدى.

يېقىندا مەملىكەت بويىچە سەنئەتكارلارنى باھالاشتا ئۇ «ئەخلاق ۋە سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكار» دەپ باھالىنىپ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە يەرلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مەخسۇس يىغىن ئېچىپ تەقدىرلەندى.

× × ×

ئۇ ئۇرۇمچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار ئائىلىسىدە



تـۇغۇلۇپ، 4 يېشىدىلا ئۇسـۇل ئۆگەنگەنىدى. ئالتە يېشىدا ئۆزى دۇتتار چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. 11 يېـشـىدا بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا- ئۇسسۇل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. «قىزىم دىلنار ــ دەيدۇ ئۇنىڭ ئانىسى، پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ھۆرىيەت خانىم ــ كىچىكىدىن باشلاپ ئۇسسۇلغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئەتىدىن- كەچكىچە ئۇسسۇل ئويناپ ھارمايتتى. ئائىلىمىزدە پات ـ پات مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ساز چېلىنغان ھامانلا ئۆزىنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرى ئـارقـىلـىق شـۇنداق قـاملاشتۇرۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. چوڭلار ئۇنىڭ ئـۇسـسـۇلىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدۇق. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى، بىزمۇ خەۋەرسىز، ئۇ بېيجىڭدىن ئىمتىھان ئېلىشقا كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئىمتىھانغا قاتناشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە تونجى قېتىمدىلا تاللىنىپتۇ. بىـزمـۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ھەم ئۇسـسۇلغا بولغان ئوتتەك قىـزغىـنلىـقىـنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇشىغا قوشۇلدۇق». ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئاكا ئاتاقلىق مۇزىكانت بـولـۇپ، ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىلىرى ئارقىلىق قىزى دىلنارغا ھەمدەمدە بولۇپ تۇراتتى. ھۆرىيەت خانىمنىڭ ھەر بىر ئۇسسۇل ھەرىكىتى ۋە نەپىس پىرقىراشلىرى سېـھـرىلـىك مـاگـنىـتتەك قىزى دىلنارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى.

ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە قالتىس تىرىشچانلىق كـۆرسەتتى. باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى. قويۇق مىللىي پۇراق ۋە ئىناقلىق، دوستلۇق قوينىغا تولغان بۇ بىلىم يۇرتىنىڭ ئۇسـسۇل رىپېتىتسىيە زالىغا ئۇنىڭ ھېسابسىز تەر ئۇنچىلىرى چېچىلدى. چېكىم ـ چېكىم قەدەم ئىزلىرى، ساناقسىز لەرزان پىرقىراشلىرى ئاشۇ رىپېتىتسىيە زالىدا گۈزەل ئـەسلىمىلەردىن بولۇپ قالدى. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى 6 يـىـللـىق ئـوقـۇش ئۇنىڭ كېيىن ئۇيغۇر ئۇسـسۇلى بىلەن تونۇلۇشىدا جاپالىق ئەجىر سەرپ قىلغان قىممەتلىك ۋاقىتلار بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەمەلىي ئۇسسۇل مەشىقىنى تىرىشىپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى ئـۇسـسـۇللار بىـلـەن ھـازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنى بىرلەشتۈرۈشى ۋە تولۇق ئىگىللىۋېلىشى، شۇنىڭدەك ئوخشىمىغان ئۇسلۇب ۋە ئوخشىمىغان ئېقىمدىكى ئۇسـسۇللارنى ئۆگىنىشى ھەم چۈشىنىشى ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئورۇنداش ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى روشەن دەرىجىدە يېتىلىشكە ھـەم مـۇكـەممـەللـىـشـىشكە باشلىدى. ئۇ ئورۇندىغان ئـۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدىن «گۈلمەرەم»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «چىنە ـ تەخسە ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسـۇللارنىڭ نەپىس، لەرزان ۋە نازاكەتلىكلىكى، ھازىرقى زامان مىللىي ئۇسسۇللاردىن «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «مۇز تاغدىكى ئوت»، «ئارزۇيۇم» قاتارلىق ئۇسسۇللارنىڭ شوخ ـ شادىيانە كەيپىيات ئىچىدە ئورۇندىلىشى ئالاھىدە دىققەتنى قوزغىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسـسۇللىرىنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە يەنە چاۋشيەن، دەيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، موڭغۇل، تاتار، رۇس، ياپون قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇسـسۇللىرىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ۋە ئۇسـسۇل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇبدان باھاسى ۋە زور ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇ ماھارەت كۆرسەتكەن نۇرغۇن سورۇن ـ سەھنىلەردە دەستـە ـ دەستە گۈللەر ۋە قايتا ـ قايتا ئالقىشلار ئۇنى كـۆمۈۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان قىـزغىنلىقى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى توختاپ قالمىدى، بـەلكـى ئـۇ بـارغـانسېـرى قەيسەر ئىرادە ۋە كۈچلۈك مـەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى. تالاي دەم ئېلىش كۈنلىرىنى، تالاي كېچىلىرىنى قۇربان قىلىپ، ھەر بىر ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئۈچۈن قايتا ـ قايتا باش قاتتۇردى. مەيلى قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردە بولسۇن ياكى تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە بولسۇن، ئـۇنـىـڭ ئاشۇ خۇش پىچىم بەستىنى رىپېتىتسىيە زالىدا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق يۇقىرى دەرىجىدىكى كـەسـپچانلىق روھى ۋە ئاجايىپ چىداملىقلىقى ئۇنىڭ سەھنىدىكى خەلق سۆيىدىغان ۋە خەلقنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسـەر بولغان بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى.

× × ×

1995ـيىـل 6ـئاينىڭ 20ـۋە 21ـكۈنلىرى پايتەخت بېيجىڭدىكى «مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى» دا «تەڭرىتاغ قـار لـەيلـىـسى ئاتالغان مەشھۇر ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئـابدۇللانىـڭ يـالغـۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ بۇ كېچىلىكتە ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچى ۋە نـەپـىس ئـۇسـسـۇل ھـەرىـكىتى ئارقىلىق پايتەخت تـامـاشـىـبىنلىرىنى ھەيران قالدۇردى ۋە جەلپ قىلدى. «كـۆكلەم»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «پادىچى قىز»، «پـەي قـىـسقـان قىز»، «كۆسەندىكى سەھەر كۆيى»،



ھېكمەتلەر: پۇرسەت ئۆزى كېلىپ ئادەمنى ئىزدىمەيدۇ، ئادەملا پۇرسەتنى ئىزدەيدۇ. ــ دىككىنس (ئەنگلىيە)

«شىرىن»، «تەڭرىتاغ قار لەيلىسى»، «مۇز تاغدىكى ئوت» قاتارلىق بىر تۈركۈم كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇللىرىنى پىششىق ماھارەت ۋە سېھرىي گۈزەللىك بىلەن ئورۇنداپ پەۋقۇلئاددە زور ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

شۇ قېتىمقى ئۇسسۇل كېچىلىكىگە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى تيېيىڭ، بوخ، ئىسمائىل ئەھمەد، ۋاڭ جاۋگو، ئاپپىي ئاۋاڭجىنمېي، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار قاتناشتى. پايتەختنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر «دىلنار ئابدۇللانىڭ بۇ قېتىمقى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇندالغان كېچىلىك بولدى» دەپ باھا بېرىشتى. پايتەختتە چىقىدىغان نۇرغۇن نوپۇزلۇق گېزىتلەر ۋە ژۇرناللار، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، چەت ئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى مەخسۇس سەھىپە، بەت ۋە پروگراممىلار ئاجرىتىپ دىلنار ئابدۇللانى ۋە ئۇسسۇل كېچىلىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئالاھىدە باھالار بىلەن تەشۋىق قىلدى ۋە تونۇشتۇردى.

× × ×

ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ياش ئۇسسۇلچىسى بولغان دىلنار ئابدۇللانىڭ نامى يىراق ـ يىراقلارغا تارقالدى، سان ـ ساناقسىز كىشىلەرگە تونۇلدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن جاھانغا تونۇلغان يېڭى بىر چولپان سەنئەت ئاسمىنىدا ئەنە شۇنداق پارلىدى. بۇ سەنئەت پەرىشتىسى ئۇسسۇلدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالماستىن، ناخشىدىمۇ، رىياسەتچىلىكتىمۇ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئېلىشتىمۇ ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تالانتىنى جۇشقۇن نامايان قىلدى.

ئۇ 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە مۇنەۋۋەر ياش ئۇسسۇلچى سالاھىيىتى بىلەن تۇنجى قېتىم يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەھنە ھاياتى بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىم — «غەربىي يۇرت بازارلىرى» مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۇ «مۇنەۋۋەر رىياسەتچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. تېلېۋىزىيە فىلىمى — «3 ياش» تا ئايال باش قەھرىماننىڭ رولىنى ئالدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىكى «تەلەپ ۋە تەقدىم» پروگراممىسىدا خەلق سۆيۈپ ئاڭلايدىغان «نەدە سەن ئانا؟»، «ئانا»، «ئايالار قەلبى»، «ئۇستازغا مەدھىيە» قاتارلىق بىر بۆلۈك ئۆزگىچە ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ناخشىدىمۇ، ئۇسسۇلدىمۇ، رىياسەتچىلىكتىمۇ، رولغا چىقىشتىمۇ ئەتراپلىق تالانتى بارلىقىنى نامايان قىلدى.

ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ۋە شەرىپى جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «دىلنار ئابدۇللا» دېگەن بۇ يېقىملىق ئىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ تاتلىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان خۇش چىرايى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بارغانسېرى نۇرلىنىپ باردى.

سەنئەت كۆكىدە پارلىغان بۇ نۇرلۇق چولپان ئۆزىنىڭ يارقىن جۇلاسى ۋە سېھىرلىك نۇرلىرى بىلەن قەلبلەرنى لال قىلدى. ئۇنىڭ سەنئەت مۇنبىرىدە ئۆتكۈزگەن مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان 20 نەچچە كۆكلەم پەسلى بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچە ۋە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق غۇنچە پورەكلىرى بىلەن بېزەلدى. ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى «شىنجاڭدىكى 4 ـ ئەۋلاد مىللىي ئۇسسۇلچىلارنىڭ ۋەكىلى»، «جۇڭگونىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۇسسۇل سەنئەتكارى»، «جۇڭگونىڭ زامانىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ياش ئۇسسۇلچىسى» دەپ نام بەرگەن دۆلەت دەرىجىلىك 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدىكى يېڭى بىر چولپان بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يارقىن، جەزىبدار ۋە سېھىرلىك ئۇسسۇللىرى، گۈزەل ۋە يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ پارلاق بۈگۈنىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ نۇرلۇق كېلەچىكىنىمۇ نامايان قىلماقتا.



(ئاپتور: «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

ETHNIC UNITY

# سەببىلەر نېمە دەيدۇ؟

● پەزىلەت ئىسرائىل ●

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەزەلدىن زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. ئاددىيسى قۇلىقىدىكى ھالقا ـ زىرىنىڭ پاسونىغا قاراپلا شۇ ئايالنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس ئەمەس. ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ گىرىم بۇيۇملىرىمۇ قويۇق يەرلىك پۇراققا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەم ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ھەم يۇقىرى ئىقتىساد تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئاددىي، يارىشىملىق ئۇستىباشلىرى، نەپىس زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مەنىلىك، نورمال، تەبىئىي بېزىنىش تۇرمۇش گۈزەللىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن تۇرمۇشىمىزدا خېلى ياخشىلىنىشلار بولدى. ئەنئەنىۋى كىيىم پاسونلىرىنىڭ ئورنىنى زامانىۋى مودىلار ئىگىلەشكە باشلىدى. تەبىئىي، يەرلىك گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىنىمۇ قىممەت باھالىق، خىمىيلىك ماددىلار قوشۇلغان گىرىم بۇيۇملىرى ئىگىلەشكە يۈزلەندى. تۇرمۇش شارائىتىمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن كۆپ ياخشىلاندى، بىر قىسىم خانىم ـ قىزلار كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشتا قىممەت بولسىمۇ ئېسىللىرىنى تاللايدىغان بولدى. ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى تەبىئىيكى، مەنىۋى پائالىيەتلەرنى ئۇچۇشلۇق ئېلىپ بېرىش، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە بىز مەنىۋىيىتىمىزنى بېيىتىشنىڭ ئورنىغا ماددىي مەنئەتكە ئۆزىمىزنى بەكرەك ئۇرۇپ كېتىۋاتىمىزمۇ ـ قانداق؟

بۈگۈن مەن ئىشتىن چۈشۈپ قىزىمنى ئالغىلى يەسلىگە بارغانىدىم. بۇرۇن مېنى كۆرسە ئويناقشىپ، يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كېلىدىغان 3 ياشلىق قىزىم بۈگۈن باتناپ قالغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپرەك يېنىمغا كەلدى.

— نېمە بولدى ئاپئاق قىزىم، باتناپ قاپسىزغۇ؟ — دېدىم ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىپ. ئۇ كىچىككىنە ئېغىزىنى دومسايتىپ:

— ماڭىمۇ ئالتۇن ھالقا ئېلىپ بېرەمسەن؟ — دېدى.

ئالتۇن ھالقىنى نېمە قىلىسىز. يە قۇلىقىڭىزنىڭ تۆشۈكى بولمىسا، — دېدىم مەن.

— ئەجەپ يەسلىدىكى ××× ئالتۇن ھالقا تاقايدىكەنغۇ — دېدى ئۇ.

قىزىمنىڭ چۈچۈك گەپلىرىگە بىر تۇرۇپ مەسلىكىم كەلسە يەنە بىر تۇرۇپ ئەمدىلا 3 ياشتىن ئاشقان كىچىككىنە بالىنىڭ ئالتۇن خىيالىنى سۈرۈشى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى ...

تېخى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا بويىنىغا ئالتۇن زەنجىر ئاسقان بىرەرنى كۆرسەك ھەۋەسلىنىپ بىر ھازاغىچە قاراپ كېتەتتۇق. ئۇ چاغدىمۇ كۆپىنچە توي قىلغان قىزلارلا بۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتى. ئالتۇن زەنجىر تويلۇقنىڭ مۇھىم سىلىقىمۇ ئەمەس ئىدى تېخى. مانا ھازىر بىرەر تال ئالتۇن زەنجىر ئېسىش ئادەتتىكى ئىش



بولۇپ قالدى، ئىدارە - ئورگانلاردىكى خانىم - قىزلاردىن تارتىپ يىل بويى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاياللارنىڭ بويىنىدىنمۇ بۇ نەرسە چۈشمەيدىغان بولدى. بىر قۇلاقتا بىر ھالقا ئازلىق قىلىپ قۇلاق تۆشۈكلىرىمىزنى كۆپەيتىدىغان بولۇۋالدۇق. بەلكى بىر قىسىم ئالدىن يۈرەر كەشپىياتچى ئاياللىرىمىز ئۇنى يەنىمۇ كۆپەيتىش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتسا كېرەك! بەزى خانىم - قىزلىرىمىز نازۇك قول بېغىشىغا ئاتنىڭ تاقىسدەك يوغان بىلەزۈكلەرنى جۈپ - جۈپى بىلەن تاقاپمۇ ئۈلگۈردى، ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۈزۈكسىز قالمايدىغان بولدى.

ئالتۇن قىممەت نەرسە، ئەمما ئۇنى زىيادە تاقىۋالسا ئۇمۇ قەدىرسىزلىشىپ قالىدۇ، بەزىدە «ئالتۇن ئۆزىنىڭ زىبۇزىننەتلىك خاسىيىتىدىن ھالقىپ، بايلىقنى كۆز - كۆز قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ» دېيىشمۇ ئويلاپ قالىمەن. ئالتۇن ئەرزان چاغلىرىدا ئاياللىرىمىز ئۇنىڭغا ئۇنچىلا بېرىلىپ كەتمەپتىكەن، ئالتۇننىڭ باھاسى ئۆرلىگەنچە ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىق شۇنچە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا ئەسەبىيلەرچە ئالتۇن قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ دېسەكمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ھازىر بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە، ئالتۇن جابدۇقسىز يۈرگەن قىز - ئاياللار ناھايىتى بىچارە، «زاماندىن كېيىن قالغان»لار ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بەزىلىرىمىز تېخى ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئاشۇ يالتىراق مېتال بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالدۇق، بىز ئالتۇن ئەسەبىيلىكى بىلەن بەيگىگە چۈشمەي، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىرەر ئىشتا رىقابەتلەشكەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟!

ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىز بۇ چاكىنىلىقىمىزنى ئۆزىمىز بىلەنلا چەكلىمەي سەبىي گۆدەكلىرىمىزگە سىڭدۈرۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىگە ئايىغى چىقمايدىغان تېتىقسىز بەسلىششلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتىمىز، ھازىرغۇ ئارىمىزدىكى بەزى ئاياللىرىمىز خۇددى ئاشۇ يالتىراق مېتاللار بىلەن بىللىلا تۇغۇلغاندەك ھەتتا جىنىمۇ، تېنىمۇ شۇنىڭدىن يارالغاندەك، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدى! شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىۋاتقان ئالتۇن قىزغىنلىقى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئالتۇن سېلىقى ئەمدىلىكتە قىز - يىگىتلەر تويىنىڭ مۇھىم سېلىقى بولۇپ قالدى، ھەتتا يېڭىدىن ئائىلە قاتارىغا قوشۇلۇۋاتقانلارمۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئائىلىق شەرىپىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇشتى.

ئالتۇن شۇنچىلىك سېھىرلىك، مېھىرلىك نەرسىمىدۇ؟ ئۇ ئىللىق چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى، سەممىي - ساداقەتلىك قوشماق يۈرەكلەرنى ئايرىۋەتكۇدەك شۇنچىلىك كارامەت قۇدرەتكە ئىگىمىدۇ؟ ھەي، بىزدىكى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىدىغان مۇشۇ نىجىس كېسەل قاچانمۇ ساقىيار؟

ھەر قېتىم قىزىمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا، ئائىلىق مەجبۇرىيىتىمنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئاللا ئىگەم ئاياللارنى ياراتقاندىلا ئائىلىق سۈپەتنى قوشۇپ ياراتقان. ئاق سۈت بېرىپ بالىنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئائىلىق مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بىر تۈرىدىنلا ئىبارەت. ھەتتا ھايۋانلارمۇ ئۆز بالىلىرىنى شۇنداق بۇرچنى ئادا قىلىپ باقىدۇ. ئەگەر بىز ئالتۇننىڭ ساپسېرىق شولىسى تورلاشتۇرۇپ ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن كۆزلىرىمىزنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ يىراقتا نەزەر تاشلىساق، ئالتۇن ۋەسۋەسىدە چاپچىپ تۇرغان بىەرەمجان كۆڭلىمىزنى بېسىقىغا چۈشۈرۈپ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانساق، بىزدىن نېمىلەرنىدۇر ئىلتىجا قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ قارا كۆزلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ ئۇنچىلا ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئويلىيالىغان بولاتتۇق. بىزمۇ كىچىك چاغلىرىمىزدا قىغ - توپىلاردا ئويناپ، قۇراق كىيىملەرنى كىيىپ چوڭ بولغان بولساقمۇ ئەقلىمىز كەمتۈك بولۇپ قالغىنى يوق. ئۇ چاغلارنىڭ شارائىتىنى ھازىرقى باياشادچىلىق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز بالىلىرىمىزغا نەچچە يۈز يۈەنلىك ۋېلسىپىتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، رەڭگارەڭ ئېلانلاردا دېيىلىۋاتقان سۈيۈقلۇق ئوزۇقلۇقلار بىلەن باققىنىمىز ئۈچۈنلا ئائىلىق مەجبۇرىيىتىمىز تولۇق ئادا

ھېكمەتلەر: ۋاقىت قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ.

ETHNIC UNITY

بولغان بولامدۇ؟ بالىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاساسىي خاراكتېرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن دېگۈدەك ئائىلىدىكى ۋاقىتىدا يېتىلىپ بولىدىكەن، دېمەك، بالىلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇش مەكتەپنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن، بالىلاردا گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئىلىم -پەن باغچىسىغا ئىشتىياقنى، گۈزەل كەلگۈسىگە تەلپۈنۈشنى يېتىلدۈرۈش تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ئائىلە مۇھىتىنىڭ قانداقلىقىغا، ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق بولىدۇ.

ئەزىز ئانىلار، بىز بالىلىرىمىزغا كۆيىمىز. بۇنىسى شەكسىز، ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇتىغا سانجىلغان تىكەننى كىرپىكىمىز بىلەن ئېلىشقا تەييار تۇرىمىز. بالىلارنىڭ دىلى شۇنچە بىغۇباركى، گويا بىر پارچە ئاق سۈت قەغەزگە ئوخشايدۇ. بىز قانداق رەڭ بەرسەك دەرھاللا شۇ رەڭگە كىرىدۇ، ئۇلار كىچىككىنە قولاقلىرىغا ئېسىلغان ئالتۇن ھالقىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگۈدەك بولغاندا، ئاندىن زىننەتلىسەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز، بالىلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويىمايلى، ئۇلار دورامچى كېلىدۇ، ئۆزىدە يوق نەرسە يېنىدىكى بىرەرسىدە پەيدا بولۇپ قالسا ئۇنىڭمۇ شۇ نەرسىدىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەندە ھېلىقى بالىغا ھەسەت، ئاتا- ئانىغا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بالىنى توغرا ئۇسۇلدا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتا - ئانىدا بەلگىلىك بىلىم - ساۋات بولۇشى كېرەك. ئەمما بىزنىڭ خېلى ساندىكى بىر قىسىم ئاياللىرىمىز زىبۇزىننەتكە بەك ئىنتىلگەن بىلەن كىتابقا ئۇنچىۋالا بەك ئىنتىلىپ كەتمەيدۇ. ئائىلە مۇھىتى بالىلارغا ئۇن - تىنسىز، بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل، بىز بالىمىزغا «دەرىسىگنى ئوقۇ، تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلە» دەپ قويۇپلا، ئۆزىمىز مودا كىيىملەر، رېستوران، توي - تۆكەنلەر ھەققىدە زوق - شوق بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرساق، ياكى شۇ ئۆلچەملەر بويىچە ياسىنىپ يۈرسەك، شۇ بالىنىڭ مېڭىسىگە قانچىلىك دەرس چۈشەر؟

بەزى ئاتا - ئانىلار قايسى كۈنى تۇغۇلغانلىقىنى بىلگۈدەك بولمىغان بالىلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىنى ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ، ئەمما شۇ ئاتا -ئانىلار ئۆزلىرىنىمۇ ئوخشاشلا جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشقان جاپاكەش ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنى تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىز بالىمىزنى ئېسىل كىيىم - كېچەكلەر، زىبۇ زىننەتلەر بىلەن بېزەپ قويۇپ: «جايىڭدا جىم ئولتۇر، كىيىمىڭنى پاسكىنا قىلما» دېسەك، ئۇ بالا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئەركىن ئازادە ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ پوكەيگە تىزىپ قويىدىغان قونچاق ئەمەستە. بالىلىرىمىزنى تەبىئەت قوچىقىغا قويۇۋېتەيلى، ئۇلار شوخ قىيغاتسۇن، تەبىئەتنى سۆيىدىغان، مۇشۇ ئانا تۇپراققا مېھىر باغلايدىغان بولسۇن! دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بالىلىرىمىزنى يېتەلەپ باغچىلارغا، كۆرگەزمىلەرگە، كۇتۇپخانىلارغا، ئۇسسۇلەر سارايلىرىغا، سەيلگاھلارغا ئاپارساق، ئۇلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولساق، مۇڭداشساق ياخشى بولاتتى، ئەمما بىزنىڭ بۇنداق كۈنلىرىمىز تويلۇق ناملاردىكى مەرىكىلەردىن ئاشمايدۇ. ناھايىتى شۇ بالىمىزنى ئۆزىمىز بارغان توي - تۆكۈن، قاتار چايلارغا بىرەبىر ئاپىرىپ قالىمىز. بالىلار ئەسلى كىلتكە تېگىشلىك بولمىغان مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ -سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ، ھەتتا ئۆزىمىز ئىستېمال قىلىۋاتقان رەڭلىك ئىچىملىكلەرنى بالىلارغىمۇ تېتىتىپ باقىمىز، ئازراق قىزىۋالغاندىن كېيىن بېشى ئايلىنىپ قالغان قويلاردەك ھەريان سەكرىشىمىز، ماددىي تۇرمۇشىمىز شۇنچە مولاشقان تۇرۇغلۇق مەنىۋىيىتىمىزنى بېيىتىدىغان ئىشلار نېمانچە ئاز؟ بەزى ئەللەردە كىشىلەر ئۆز بايلىقىنى يىغىپ ساقلىغان ماتېرىيال - كىتابلىرى بىلەن ئۆلچىشىدىكەن، ئوقۇغان كىتابلىرى بىلەن ماختىنىشىدىكەن. رۇسلارمۇ كىتابنى «ئىككىنچى بولكا» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. ئەمما بىز بولساق مودا قوغلىشىپ كىيگەن كىيىملىرىمىز، ياسىداق ئۆيلىرىمىز، ئولتۇرغان رېستورانلىرىمىز، ئوينىغان توي - مەشرەپلىرىمىز بىلەن ماختىنىمىز، ئۆزىمىزنى چاغلىماي ئىچىپ ئۇنى سىگىرەلمەي سورۇنلاردا بېزىرىپ لەيلەپ يۈرسەكمۇ، يولسىز جېدەل چىقارساقمۇ نومۇس قىلمايدىكەنمىز، بىزدە ئېچىلىۋاتقان كەچكۇرسلارمۇ يوق

ETHNIC UNITY

ئەمەس. ئەمما بىز كەچكۇرسقا بېرىشتىن كۆرە بەزمە سورۇنىغا بېرىشنى ياخشى كۆرىمىز. ئوينىدۇق، كۈلدۇق. شۇنچە ئويناپمۇ يا بىرەرىمىز خۇشاللىقتىن ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىدۇق. بارچە خەققە ئوخشاش يەرنى دەسسەپ يۈرۈپتىمىز، كىتابنى ئوزۇقلۇق ئورنىدا كۆرۈپ ئەزىزلىگەنلەر بولسا سەييارىلەر ئارا ئۇچۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. «ھەرقانچە ئېسىل زىياپەتمۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ.» ئەمما ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىش. ئەمما بىزنىڭ كېلەچەك ئىگىلىرى بولغان بالىلارنى تەربىيىلەشكە تېگىشلىك بولغان ۋاقتىلىرىمىز ئوخشاشلا تەكرارلىنىۋېرىدىغان نەغمە - ناۋا قايىنىغان سورۇنلاردا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، «قابىلىيەتلىك ئارتىس گىرىمگە مۇھتاج ئەمەس» دېگەندەك، مەنىۋىيىتى تويۇنغان مىللەت يالتىراق مېتاللارغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. بىزمۇ شۇنداق ئاڭغا ئىگە بولغان ۋاقتىمىزدا «ئالتۇن» دېگەن بۇ يالتىراق نەرسىمۇ ھەرقانچە پارقىرىغىنى بىلەن كۆزىمىزنى توسۇۋالالمايدۇ.

«مەرىپەت ئىزدە ئېرىنمەن،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى».

يېرىم ئەسىر مۇقەددەم يېزىلغان بۇ ھېكمەتلىك شېئىر ھازىرقى شارائىتتىمۇ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغۇسى، مەرىپەتكە ئۈندىگۈسى!

مىللىتىمىز — مائارىپنىڭ قۇدرىتىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇغان، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مېھنەت تەرىنى تۆككەن، نامى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد زىكىر قىلىنىدىغان ئۆلمەس كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەتلىك مىللەت. ھازىرمۇ ھەم نامى تىلغا ئېلىنسا دىللاردا ھاياجان قوزغايدىغان، ئىسمىنى مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ تارىخ ئابىدىسىگە ئويۇپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان مەرىپەت سۆيەر ئوغلانلىرىمىز بار. ئۇلار پېشانە تەرلىرىنى تۆكۈپ قولغا كەلتۈرگەن بايلىقىنى ئەلنىڭ يېتىم - يېسىر، بېقىمسىز قالغان باللىرىنى تەربىيىلەشكە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەلنىڭ كەلگۈسىنى تەربىيىلەشكە خالىسانە تەقدىم قىلدى، يۇقىرىلاپ ئوقۇشقا ئىقتىسادىي يار بەرمىگەن مەرىپەت مايسىلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا ھېچ ئايىماستىن سەرپ قىلدى. ئەلۋەتتە، پۇلنى ھەركىم مىڭ جاپا بىلەن تاپىدۇ. ئەمما ئۇنى قانداق يەرگە ئىشلىتىش، نېمىگە سەرپ قىلىش پۇل ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىكىنى، خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان، خالىس نىيىتى بىلەن ئەلنىڭ جىددىي ھاجىتىدىن چىقىۋاتقان، مىننەتسىز ھالدا ئەل ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان مەرد، سېخىي ئوغلانلىرىنى خەلقىمىز ھېچ ۋاقىت ئۇنتۇمايدۇ، ئەتىمىز ئۈچۈن جىددىي ئويلىنىۋاتقان ھەربىر ۋىجدانلىق قەلب ئىگىسى ئەنە شۇنداق ئوغلانلارغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۆزقەلبىدە ئابىدە تىكلەيدۇ. قەلبكە تىكلەنگەن ئابىدە مەڭگۈ ئۆرۈلمەيدۇ ...

ئىلىم بىلەن قەلبىنى زىننەتلەپ مەرىپەت كۆكىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان دۇنيا ئىلىم ئەھلى قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان، جۇڭخۇا زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىز بىلەن پەخىرلەندۈرۈۋاتقان قىران بۈركۈتلىرىمىزمۇ بار، ئاشۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلىگەن سۆيۈملۈك ئانىلارغا ھۆرمەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرسەم. خۇش پۇراقلىق گۈلدەستىلەرنى تۇتسام، دەپ ئويلاپ كېتىمەن! مۇشۇنداق ئانىلار بىزدە تېخىمۇ كۆپ بولسا، باشقىلارمۇ بىزگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىسا، تاكامۇللاشقان ئېڭىمىز بىلەن 21 - ئەسىر بوسۇغىسىدىن مەغرۇر ئاتلىساق ...

خىيال نېمىدېگەن شېرىن - ھە؟

جاھان ئىلىم بەيگىسىدە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلىرىمىز قولىدىكى مەرىپەت مەشئىلى بىلەن تېخىمۇ نۇرغۇن دىللارنى يورۇتسا، ئاياللىرىمىز ئالتۇنغا ئەمەس بىلىم، پەنگە، كىتابقا ھېرىسمەن بولسا، ماگىزىن، رېستورانغا ئەمەس، كىتابخانا، كۇتۇپخانىغا يۈگۈرۈيدىغان بولسا، سەبىي باللارنى كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتتە ئەمەس زېھنىي قابىلىيەتتە رىقابەتكە سالسا، بىز نېمىشقا جاھان ئەھلىگە كۈلۈپ قارىيالمايدىكەنمىز؟!

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى)

ETHNIC UNITY

ھېكمەتلەر: ئىتتىپاق مۇشكۇلچىلىكتە ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئومۇمەن قىممەتلىك بولىدۇ.

# نېمىسلاردا بالىلار تەربىيىسى

بالىلار ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرى، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى، دېگەن بۇنداق سۆزلەرنى جۇڭگولۇقلار كۆپ قوللىنىمىز. بۇنداق سۆزلەر گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىمۇ بار: «بىزنىڭ كەلگۈسىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز ئاساسلىقى بالىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ»، «بالىلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېشى» دەيدۇ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى.

## كۆپ خىل يوللار بىلەن بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش

نېمىسلار بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. كىچىكىدىن باشلاپلا ئانىلار ئۇلارغا چۆچەك، ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ساز چالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇزىكا مەشىقى قىلدۇرۇش بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇلاردا مۇزىكا قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرىنى ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىلىق ئىكەن. ئاتا- ئانىلارمۇ دائىم بالىلىرىنى ئېلىپ مۇزېي ۋە كۆرگەزمىخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ، ھەر خىل ئەنئەنىۋى بايرام پائالىيەتلىرىگە ياكى كارخانا، يەرلىكتىكى تەشكىلاتلارنىڭ زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىدۇ.

پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گېرمانىيە ئائىلىلىرىدە ناھايىتى ئەپچىل ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى يەنى چەت ئەللىكلەر بىلەن ئائىلە ئالماشتۇرۇپ كانىكول ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى قارشى تەرەپنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى ئاي تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، ئۆزى قارشى تەرەپنىڭ پەرزەنتىنى ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ تاماق، ياتقىغا مەسئۇل بولىدۇ ھەم ئېكسكۇرسىيە ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى تەشكىللەيدۇ. ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ باشقا بىر دۇنيانى كۆرۈش ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش. ئۇلار ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرەر خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. كىتابتا يوق نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ ئىگىلىۋالالايدۇ. بۇ ئائىلە باشلىقلىرى ئۈچۈنمۇ ئانچە ئېغىر يۈك ھېسابلانمايدۇ.

ياۋروپادىكى تۆمۈر يوللار يازلىق كانىكول مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارغا پۈتكۈل ياۋروپادا ئۆتىدىغان ئالاھىدە ئايلىق بېلەت سېتىپ بېرىدۇ. بۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق. قولىدا بىر بېلەت بولسىلا ئوقۇغۇچىلار يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپ بىر ئاي ئىچىدە پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساياھەت نۇقتىلىرىنى ساياھەت قىلالايدۇ. كېچىلىرى ماگىدىغان ئاستا پويىزنىڭ ۋاگونلىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئارامگاھىدۇر.

نېمىس ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭ، كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكى سىزنى قايىل قىلىدۇ. ئۇلار دائىم نۇرغۇن دۆلەتتىن ئۆتكەنچىكە نۇرغۇن چەت ئەل تىللىرىنىمۇ بىلىۋالىدۇ. سىياسىي ۋەزىيەت، تارىخ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مۇزىكا، تەنتەربىيە جەھەتلەردە ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ قاملاشتۇرۇپ گەپ ئاچالايدۇ.

نېمىسلار بالىلارنى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى



ھېكمەتلەر: ئىنسانلار ئۆز-ئۆزىنى بىلمەي تۇرۇپ كامالەت مېۋىسىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ.

بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك قىزىقىشنى شەكىللەندۈرگەندە خاراكتېرىنى تولۇق شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ساياھەت جەريانىدا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچنەرسە ئۆگىنەلمەي قېلىشتىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېرىم كۈنلا دەرس ئوقۇيدۇ. دەرس مەزمۇنلىرى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇقلىرىمۇ ئاز، قالغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ. مەكتەپنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ئەسلىھەلىرىدىن باشقا ھەرقايسى شەھەر، بازار، مەھەللىلەردىمۇ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، سېتكا توپ مەيدانى، پۇتبول مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بولىدۇ. بالىلار شادلىق باغچىلىرىدا سىيرىلىش سۇپىسى، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق ئەسلىھەلەر ھازىرلانغان. بالىلار بۇ ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلۈپ، توپا - چاڭغا مىلىنىپ ھەتتا كىيىملىرى يىرتىلغان ھالەتتە ئۆيگە قايتقان تەقدىردىمۇ ئاتا- ئانىلىرى ئۇلارغا ئارتۇقچە كايىمايدۇ.

**مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق**

قارىماققا ئانچە قاتتىق باشقۇرۇلمايدىغاندەك بىلىنىدىغان نېمىس بالىلىرى ئەدەبلىك، سىپايە، رەتلىك تەربىيىلىنىدۇ. 7-8 ياشلىق بالىلارغا ئۇچراپ قالسىڭىزمۇ ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا ئاۋۋال سىزدىن تىنچلىق سورايدۇ. «غەلىتە» ياسىنىۋېلىشقان، سىرتقى قىياپىتىدىن ئاز - تولا ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ياشلار بىلەن سۆزلىشىپ قالسىڭىزمۇ ئۇلار سىزگە ناھايىتى ئەدەب بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئائىلە باشلىقلىرى بالىلار تاماق يەۋاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ.مەسىلەن: تاماقلارنى ئىككى كالپۇكىنى ھەم قىلىپ تۇرۇپ.چايناپ تاماقنى سىرتقائېقىتىۋەتمەسلىك؛ ئاغزىدىكى تاماقنى خالىغانچە سىرتقا تۈكۈرمەسلىك؛ تاماقنى يۇتۇۋەتمەي تۇرۇپ گەپ قىلماسلىق، تاماق يېگەندىمۇ، شورپا ئىچكەندىمۇ ئاۋاز چىقارماسلىق؛ ئۆزىنىڭ قاچىسىدىكى تاماقلارنى جەزمەن يەپ تۈگىتىش، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق قاتارلىقلار.

كىمكى گېرمانىيە رېستورانلىرىدا تاماق يەپ تاماق ئاشۇرۇپ قويسا باشقىلارنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن دەپ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

**قانۇن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغدايدۇ**

نېمىسلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئائىلىدە تۇرۇپمۇ تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئېتىبار بېرىشلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.ئۇلار بالىلار قوشۇمچە ياردەم پۇلى،مائارىپ ياردەم پۇلى، باج كەچۈرۈمى قاتارلىق ئېتىبار بېرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇندا 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى يىلدا 10 كۈن رۇخسەت ئېلىپ بالىلىرىنى داۋالىتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

گېرمانىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا «كارخانىلارنىڭ ئائىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى تەدبىرلىرى» ناملىق كىچىك قوللانمىنى نەشىر قىلىپ، كارخانىلارغا قارىتا بىرقاتار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن:پەرزەنتى بار ئايال خىزمەتچى خادىملارغا قارىتا ئېلاستىكلىق ئىش ۋاقتىنى يولغا قويۇپ، شۇ كۈنى ياكى شۇ ئايدىكى ئەمگەك ۋاقتى توشمىسا ئۇنى ئەتىسى ياكى كېلەر ئايدا تولۇقلاشقا رۇخسەت قىلىش؛ ئىش ھەققىنى ۋاقىتلىق كېمەيتىپ يېرىم كۈن ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىش؛ ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش؛ كارخانىلار يەسلى قۇرۇش قاتارلىقلار.

يېڭى بىر ئەۋلاد بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، گېرمانىيە بىر قاتار قوغداش قانۇنلىرىنى تۈزگەن. بۇلار ئاشپۇزۇل، رېستورانلار قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنى قوبۇل قىلماسلىق؛ بالىلارغا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى سېتىپ بەرمەسلىك؛ بالىلارغا چوڭلار كۆرىدىغان كىنو، سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرسەتمەسلىك، بالىلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىقلار.

گېرمانىيىلىكلەر تارىختا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان. ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلسمۇ گېرمانىيىلىك. ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيە جاراھىتىنى تېز ساقايتىپ «ئىقتىسادىي مۆجىزە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نېمىسلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. (ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمە قىلدى)



ھېكمەتلەر: كىشىلەر ئادەتتە ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ياراتقان. — بېرناردشاۋ

# تۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا

● مەتىمىن مۇسا ●

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ھەرىكەت بولغاچقا، خەلقىمىزگە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىي ۋە ئىنتىزاملىق بولۇش تەلىپىنى، كادىرلار قوشۇنىغا ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، كادىرلار قوشۇنىمۇ، پۇقرالارمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزۈم كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرغان بىرمۇنچە ئەھۋاللار يەنى بەزىلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى ياكى كەسپىي ـ تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسى تۆۋەنلىكىدىن خېلى كۆپ يىللارغىچە ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي شاللىنىپ قېلىۋاتقانلىقى، بەزىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ياكى چەت ئەللەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشتىن مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇنۋان ئېلىشتا ياكى خىزمەت ئۆستۈرۈلۈشتە قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇغا ئۇچراۋاتقانلىقى مېنى مۇشۇنداق بىر مەزمۇندا ماقالە يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى.

مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر خادىم، ھەر بىر پۇقرا ئۆزىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇۋاتقان تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە لايىقلىشىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقى بۇنداق مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار ناھايىتى تولا، مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتە ھەر كىم ئۆزىنى سىناپ بېقىشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، غايە ـ نىشان ۋە كونكرېت پىلان بولۇشى كېرەك. ھەممىمىز چوڭ غايە ـ نىشان جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىردەك نىشان ـ غايىگە ئىگە، ئەلۋەتتە. پارتىيىمىز كۆرسىتىپ بەرگەن چوڭ غايە ـ نىشان ئاستىدا ھەر بىرىمىزنىڭ كونكرېت ئۆگىنىش ۋە خىزمەت نىشانى شۇنىڭدەك كونكرېت پىلانى بولۇشى كېرەك. بىزدە كۆزلىگەن نىشانمۇ بولسا، شۇنىڭغا يارىشا كونكرېت پىلانمۇ تۈزۈپ ئىشلىسەك، پىلانىمىز ئورۇندالسا، نىشانغا يېتىمىز ۋە ئۆزىمىز بىر بالداق ئۆرلەپ، بىر قەدەم مۇكەممەللىشىش يولىدا ئىلگىرىلىگەن بولىمىز. نىشانسىز، پىلانسىز بولساق، بىرقانچە يىلغىچىمۇ ئۆرلەش، مۇكەممەللىشىش باسقۇچىغا يېتەلمەيمىز. جەمئىيەتنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا شاللىنىپ قېلىۋېرىمىز.

ئىككىنچىدىن، ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلىشىمىز كېرەك. ئىشەنچ بولغاندا غەيرەت ھاسىل بولىدۇ، كۆڭۈلدە سان بولىدۇ. «ئاسمان شاھى» دېپ سەلتەنەتلىك نام ئالغان ئادىل ھوشۇر: «ئەگەر كوچىرەپ قىلالىغاننى مەن قىلالمىغان بولسام ئىدىم، تولۇق قايىل بولاتتىم. مەن



ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئورۇندىيالايمەن» دەپ كوچىرەينىگە مۇسابىقە ئېلان قىلىشتا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىشى ئۇنى «ئاسمان شاھى» دېگەن سەلتەنەتلىك نامغا ۋە دۇنياۋى جېنىس رېكورتى يارىتىشقا مۇۋەپپەق قىلالىدى. دېمەك، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاش كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر ئامىلدۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش روھى بولۇشى كېرەك. ئىزدىنىش روھى بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ماھارەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئاچقۇچ بولمىسا قۇلۇپنى ئاچقىلى بولمىغاندەك، ئىزدىنىش روھى بولمىسا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يەتكىلى، ئىلىم - پەننىڭ سىرىنى يەشكىلى، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە كەسپىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، كۈندىن - كۈنگە يېڭى نەرسىنى ھېس قىلىپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغانلارنىڭ ھەرقاندىقى مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ. ئادىل ھوشۇرنىڭ دارۋاز ماھارىتىدىكى ھەر خىل ئىنچىكە ھەرىكەتلەرنى، سۈرئەتنى ۋە شارائىتنى توغرا ئىگىلىشى ئۇنى كوچىرەيندىن ئۈستۈن كېلىشكە مۇۋەپپەق قىلغان بولسا؛ خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ، جۇڭيىچە تېبابەتنىڭ، ياۋروپاچە تېبابەتنىڭ پەرقىنى ۋە ئورتاقلىقىنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ ھەم ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بارالىشى ئۇنى تېببىي ساھەدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ سەلتەنەت قۇچقۇزغان.

تۆتىنچىدىن، جاپاغا چىداش ۋە قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھى بولۇشى كېرەك. بىزدە «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق» دەيدىغان گەپ بار. ئۆگىنىشتىمۇ، خىزمەتتىمۇ، بىرەر كەسپتىمۇ نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە جاپا - مۇشەققەت بىلەن كۈرەش قىلىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش كېرەك. «ئاسمان شاھى» دەپ نام ئالغان ئادىل ھوشۇرنىڭ 7 - 8 يېشىدىن باشلاپ جاپالىق چېنىقىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۇنى سەنئىيا بوغۇزىدىن ئۇچۇشلۇق ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق قىلغان؛ ۋاڭ مېڭنىڭ خەنزۇلار ئارىسىدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىغا، چوڭ شەھەردىن چېگرا رايوندىكى نامرات يېزىغا، قەلەم تۇتۇشتىن كەتمەن، ئورغاق تۇتۇشقا ماسلىشىش ۋە ئۆگىنىش جەريانى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ چەبدەس روھ، قەيسەر ئىرادە بىلەن جاپانى يېڭىپ بارالىغانلىقى ئۇنى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە نوپۇزلۇق خەنزۇ يازغۇچىسى دېگەن ئاتاققا ئېرىشتۈرگەن؛ خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئاجايىپ شىجائەت ۋە يىمىرىلمەس روھ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەنزۇچىنى، رۇسچىنى ئۆگىنىشلىشى ھەمدە ئۇيغۇر تېبابىتى، جۇڭيىچە تېبابەت ۋە ياۋروپاچە تېبابەتنى ئىگىلىيەلىشى ئۇنى ئاشۇ بىرقانچە خىل تېبابەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تېبابەتچىلىكتە يېتۈك ئالىم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇددەتلىك قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىش روھى بولغانلىقى ئۈچۈن، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە چىقالىغانلىقى ھەممىمىزنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ھەمكارلىشىش روھى بولۇشى كېرەك. بۇنداق روھ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى تالاي - تالاي مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دەيدىغان گەپ بار. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تىل ياكى كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىشتە، خىزمەتتە باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە، باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىپ ئۆزىنىڭ كەمتۈك يەرلىرىنى باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئارقىلىق تولۇقلاپ بېرىش يولى بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ماھىر بولغانلاردۇر. ئادىل ھوشۇرنىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى، نۇرغۇن كارخانىچىلارنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئىئانە قىلىشى، قوللاپ روھىي مەدەت بېرىشى، كونكرېت سورۇن ھازىرلىغۇچىلارنىڭ قوللىشى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتقان. ئاشۇ قوللاش ۋە يار - يۆلەكلەر بولمىغان بولسا، يەككە - يېگانە ئادىل ھوشۇرنىڭ «ئاسمان شاھى» تاجىسىنى كىيىپ دۇنيادا جەۋلان قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش — باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئىستىقبال مەنزىلىگە يېتىشتە مۇھىم ئامىلدۇر.

دېمەك، كەسكىن رىقابەتلەر قاينىمىدا چۆكۈپ كەتمەي، تەرەققىيات چاقى ئاستىدا يەنچىلىپ كەتمەي، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت جىددىي ئۆگىنىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، ئۆزىمىزنى ھەر جەھەتتىن يېتىلدۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپى بىزنى ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە چاقىرماقتا.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە شۆبىۋىنى ھەربىي نەزەرىيە كافېدراسىدا)



دوستلار ئارا: تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى خەمىتتىن بېيجىڭدىكى دوستلىرى ئالىمجان ۋە ئەخمەتجانلارغا سالام!

## مىللەت ھەققىدە

(شېئىر)

سۆيىمەن دەيدۇ ھەركىم مىللىتىنى،
مىللەتنى ساتقۇچىمۇ دەيدۇ شۇنى.
سۆيۈشنىڭ راست ـ يالغىنى شۇندىن ئايان:
يەمدۇ، يوق مىللىتىنىڭ قايغۇسىنى.

تىللىساڭ ھامان باشقا مىللەتنى سەن،
بولامسەن مىللىتىڭنىڭ قەھرىمانى!؟
مىللەتكە باشلاپ كېلەر يېتىمچىلىك،
مىللەتنىڭ بۇنداق نادان مېھرىبانى.

ئۇ مىللەت پۇتۇنلەيلا داشقال بولۇپ،
بۇ مىللەت كىم ـ كۈتىسىز ئالتۇن ئەمەس.
ئۇ مىللەت پەگادىكى پالاس بولۇپ،
بۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

مېغىزى ـ شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل، شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.
بىيىدۇ مىللەتنىڭمۇ پەزىلىتى،
چۈشەنسە ئۆزىدىكى ئىللەتنىمۇ.

1981 ـ يىل، يانۋار

(مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي تەۋسىيە قىلغان)



## ئۆگىنىش ھەققىدە

سىز قايغۇ ـ ھەسرەت چەككەندە ياخشىسى بىرەر نەرسە ئۆگىنىڭ، ئۆگىنىش سىزنى مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزىدۇ. سىز قېرىپ كېتىشىڭىز، تون بويى ئۇخلىيالماسلىقىڭىز، مۇھەببەتتە ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيانىڭ بىر توپ تەلۋىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشىڭىز مۇمكىن. نامىڭىزنىڭ يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن بۇلغىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىشىڭىز مۇمكىن. بۇ چاغدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرلا ئىش بار — ئۇ بولسىمۇ ئۆگىنىش. كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىڭ. ئۆگىنىش، پەقەت ئۆگىنىشلا روھىڭىزنى مەڭگۈ قېرىتمايدۇ، سىزنى مەڭگۈ يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايدۇ، روھىي ئازابتىن مەڭگۈ خالاس قىلىدۇ، مەڭگۈ پۇشايمانغا قويمايدۇ. سىز تىرىشىپ ئۆگىنىڭ. سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا يەنە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك قانچىلىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا قاراپ بېقىڭ:

ئىلىم ـ پەن دۇنيادىكى بىردىنبىر پاك نەرسە. ئاسترونومىيە پىنى ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشىڭىزگە يېتىدۇ، تەبىئەت تارىخىي سىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئۆگىنىشىڭىزگە يېتىدۇ، ئەدەبىيات سىزنىڭ ئالتە ئەۋلاد ئۆگىنىشىڭىزگە يېتىدۇ؛ سىز سانسىز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىئولوگىيە، تىببىي ئىلىم، نەزەرىيە ئوبزورى، جۇغراپىيە، تارىخ ياكى ئىقتىساد ئۆگەنگەندىن كېيىن، سىز بىر پارچە تاختايدىن ھارۋاچاقى ياسىيالايسىز، ياكى 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىز يەنە ماتېماتىكا ئۆگىنىڭ، ماتېماتىكىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يەر تېرىشنى ئۆگىنىڭ.

(ۋايىن. ۋ. دېيېرنىڭ: «سىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز» دېگەن كىتابىدىن ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت ئاچچىق تەۋسىيە قىلغان)

ETHNIC UNITY

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىل - ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىل، بۇ ئىككى نەرسە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

△ سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال، سائادەت يولىنى تاپ.

△ ئىلىم ئېلىشنى كەسىپ قىل، بولمىسا، دۇنيانىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

△ ئالەمدە لەززىتى ئىلىمدىن ئارتۇقراق ھېچ نەرسە يوق.

△ ئەقىل روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر.

△ ئەقىل - ئىدراك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە بولىدۇ، كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدۇ.

△ بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر.

△ ئىلىم مەشئەللىرى كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. قاراڭغۇ كېچىنى نۇرلاندۇرۇپ، يولدىن ئازغانلارنى توغرا نىشانغا باشلايدۇ، ئىجادلىق، ئازادلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

△ شەرەپ ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇق ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ھاسىل بولىدۇ.

△ ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر، تامچە- تامچە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

△ ئالىم – ئەلنىڭ چىرىغى، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقۇچى ئايدۇر.

△ ھېكمەت بىلەن ئەقىل كىشىگە زىبۇ زىننەتتۇر.

△ دىلنى ئىلىم بىلەن يورۇتقان كىشى كور بولسىمۇ، جاھاننى كۆرەلەيدۇ.

△ بارچە ھاياتلىق بىلىم بىلەن ئۆز قەدرىنى تاپىدۇ.

△ ئىلىم — مال- مۈلكى يوق كىشىگە تۈگىمەس بايلىق، نەسەبسىزگە ئۈزۈلمەس نەسەبتۇر.

△ ئىلىم بىلەن ئەڭ بۈيۈك يۈكسەكلىككە چىققىلى، ئاسماندىن تارتىپ، يەرنىڭ تەكتىگىچە كىرگىلى، سەيلە قىلغىلى بولىدۇ.

△ كۆڭۈل بولمىسا، كۆزنىڭ پايدىسى يوق، ئەقىل بولمىسا كۆڭۈلمۇ ئەھمىيەتسىزدۇر.

△ تىل پاساھەتلىك ۋە جەلىپ قىلارلىق بولسا، ناھايىتى ياخشى، ئەگەر ئۇ كۆڭۈل بىلەن بىردەك بولسا، ئۇ ھالدا خۇددى سەۋسەن بىلەن قىزىلگۈل بوستاندىكى ئەڭ چىرايلىق ئۇسۇملۇكلەر ھېسابلانغىنىدەك، تىل بىلەن كۆڭۈل ئىساندىكى ئەڭ ياخشى ئەزا ھېسابلىنىدۇ.

(ھاجى ئەخمەت تۈزگەن «ھېكمەتلىك سۆزلەر» ناملىق كىتابتىن ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي تەۋسىيە قىلغان)



## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى يېڭى كۆز قاراش

نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەسىلىسىگە بولغان تەتقىقاتقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئامېرىكا ئادەم ھاياتى سۇغۇرتىسى شىركىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرگەن:

**ئەجدادلىرى يەنى ئاتا - ئانىلىرى، بوۋا- مومىلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر.** ئالتە ئەجدادىنىڭ ياشىغان يېشى 475 يىلدىن ئاشقان كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن.

**مىجەزى ياخشى بولغانلار:** غەم - ئەندىشە قىلمايدىغان، ئاسانلا تەسىرلىنىپ ياكى ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان، كۆكسى - قارنى كەڭ، قېيىنچىلىققىمۇ، بەخت - سائادەتكىمۇ تەمكىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلالايدىغان، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل، پاك نىيەت ئادەم ھەمىشە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ.

**ھاراق، تاماكىغا بېرىلىپ كەتمەيدىغانلار:** تاماكا چەكمەي، ھاراق ئىچمەي يۈرگەندە، ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى زىيان- زەخمەتكە ئۇچراشتىن خالىي قىلالايدۇ، ھاراق ئىچىشتىن پەيدا بولىدىغان كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەردىن يىراقلىنىش ۋە ئۆلۈپ كېتىشتىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ. تۇرمۇش ئادىتى ياخشى بولغان كىشىلەرمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ.

**ئوپېراتسىيە قىلىنمىغانلار:** 90 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يۇقىرى ياشلىق دەۋرىگىچە قويغىنچە تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسى قىلىنغانلىرى ئاز بولغان، ئاز ساندىكىلىرىلا كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىنغان. دېمەك، ئۇلار ئېغىر دەرىجىدىكى تاشقى كېسەللىككە گىرىپتار بولمىغان.

**ئادەتتە بەك ساغلام دەپ ھېسابلانمايدىغان كىشىلەر:** ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ خېلى كۆپلىرى ئادەتتە كۆپرەك كېسەلمەن بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى جىقراق، ئەمما ئۆلۈش نىسبىتى ئازراق بولغان.

(گۈلسىمقان بىغازى تەييارلىدى)

## دوست تۇتۇش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق

نېمە ئۈچۈن دوست تۇتۇشنىڭ ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىسى بار؟

دوستى كۆپ بولسا، ئادەم زېرىكىپ قالمايدۇ.

ياشانغاندا قىلارغا ئىشى يوق بولۇپ قالغانلار ئادەتتە يالغۇزچىلىقتا زېرىكىش «چەمبىرىكى»گە قامىلىپ قېلىشىنىڭ دەردىدە قالىدۇ. ئادەم ئۇزاق مەزگىلگىچە زېرىكىش «ئورىسىغا» چۈشۈپ قالسا، كۆڭلىدىكى دەردىنى تۆكىدىغان جاي بولمىسا، كۆكسى - قارنىدىكى قايغۇ - ئەلەملىرىنى چىقىرىدىغانغا ئامال بولمىسا، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى «بۇرۇختۇم»لۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. بۇ — بىرىنچىسى.

دوستى كۆپ بولسا، تۇرمۇشنىڭ مەززىسى بولىدۇ. ھەر خىل ھەۋەس- قىزىقىشلارغا بېرىلىدىغان دوستلارنى كۆپرەك تۇتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تۇرمۇشنى مولLاشتۇرغىلى، قىزىقىشنى كۆپەيتىپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆپرەك سۈرگىلى بولىدۇ... خىلمۇ خىل ئۆزگىچە تۇرمۇش مىجەزنى تاۋلاپ، كىشىدە ساغلام ۋە يۇقىرىغا ئىنتىلىشتەك پىسخىك ھالەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ — ئىككىنچىسى.

دوستى كۆپ بولسا، ھەرىكەت كۆپ بولىدۇ. قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار قالغاندا، ياخشى ئۆتتۇشكەن بىرقانچە ئاغىنە مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ، سەيلى- تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچسا ياخشى بولىدۇ. ھەرىكەتنى تولا قىلىپ تۇرغاندا، مېڭە ئۆتكۈرلىشىپ، بەدەن جانلىنىپ، بەدەندىكى ماددا ئالمىشىشلار راۋانلىشىپ تۇرىدۇ - دە، سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. بۇ — ئۈچىنچىسى.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

## روھىي ساغلاملىقنىڭ 8 ئۆلچىمى

**ئاڭ جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** ئويغاق ھالەتتىن باشقا چاغلاردا ئۆزىنى، ئۆزگىنى، مۇھىتنى ۋە ۋاقىتنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇش.

**سەزگۈ جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** شەيئىلەرنى سېزىشتە ئوبيېكتىپ ۋە توغرا بولۇش، كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە تۇتۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق سېزىمدە خاتا سەزگۈ ۋە خىيالىي سەزگۈ بولماسلىق.

**تەپەككۇر قىلىش جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** گەپ - سۆزى تەرتىپلىك، تەپەككۇرى باغلىنىشلىق بولۇش، پاسسىپ ھالەتتىكى ياكى چۈشىنىشى ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان تەپەككۇرلىرى، مەجبۇرىي تۈس ئالغان تەپەككۇرلىرى، چەكسىز كەتكەن دۈشمەنلىك نىيىتى بولماسلىق.

**دىققەت كۈچى جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان، ئىرادە پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا، ئوبيېكتىپ مۇھىتنى ئاسراشقىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوشيار تۇرالايدىغان بولۇش.

**ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** يىراقتىكىنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، يېقىندىكىنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى شۇنىڭدەك كۆز ئالدىدىكىنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى پۈتۈنلەي نورمال دائىرىدە بولۇش، ئادەتتىن تاشقىرى بەك ئۆتۈپ كەتمەيدىغان بولۇش، ئەستە قالدۇرۇش جەھەتتە خاتا ۋە توقۇلما قىلىپ قويماسلىق.

**ئەقلىي ئىقتىدارى جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** ئادەتتىكى ساۋاتى، ھېسابلاش ئىقتىدارى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى تەربىيە ئالغان سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق بولالايدىغان بولۇش.

**كەيپىيات جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** ھەددىدىن زىيادە بېسىم، جىددىيلىك، تىت - تىتلىق ۋە قورقۇنچ ھېس قىلماسلىق، چەكسىز ھالەتتە ھاياجانلىنىپ ۋە زوقلىنىپ كەتمەسلىك، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىنكاسى باشقا روھىي پائالىيەتلىرى ۋە ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن ماس كېلىدىغان بولۇش.

**ئىرادە پائالىيىتى ۋە ھەرىكىتى جەھەتتە توسالغۇ بولماسلىق:** نورمال ئۇيقۇسى ۋە غىزالىنىشى قائىدىلىك بولۇش، زىيادە زورۇقۇش ۋە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئىنتىلىشلىرى، ئۆزىگە ياكى سىرتقى مۇھىتقا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىنتىلىشلىرى بولماسلىق، جىنسىي پائالىيەت ۋە باشقا ھاياتىي پائالىيەتلىرىدە ئالاھىدە چەتلەپ كېتىش بولماسلىق.

(گۈلسىمقان بىغازى تەييارلىدى)

## ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىش قېرىشنى تېزلىتىدۇ

بەزىلەر سەمرىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ياكى ئادەت تۈپەيلىدىن ھەمىشە ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇسسۇغانلىقنى ھېس قىلىش بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا سۇسىراش بولغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىپ كېتىۋەرگەندە، ئادەم بەدىنىنىڭ قېرىش مۇساپىسىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدىكەن. بىرىنچىدىن، تېرە قۇرغاقلىشىپ، سوزۇلۇشچانلىقى كېمىيىپ كېتىپ قورۇق پەيدا بولىدۇ ۋە قورۇق بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، چوڭ مېڭە سۇسىراپ كېتىپ، چوڭ مېڭىنىڭ قېرىپ كېتىشى تېزلىشىدۇ، ئېغىرلىقى تۆۋەنلەيدۇ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى بارا - بارا ئاجىزلىشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، قان تومۇر كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇسساپ تۇرسىمۇ سۇ ئىستېمال قىلمىسا، قان ئۇيۇپ قېلىش ئەھۋالى پەيدا بولۇپ، قاننىڭ شىلىمشىقلىقى ئېشىپ، ئاسانلا يۈرەك موسكۇللىرى توسۇلۇپ قېلىش ۋە مېڭىگە قان چۈشۈش قاتارلىق قېرىلىق كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

(غوجا ھاشىم تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاپ

**سوئال:** ئىلگىرى مېنىڭ بىرنەچچە ئوغۇل دوستۇم بار ئىدى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتتى، يەر شارىدىكى ئوغۇللار مېنى بەك ئازابقا قويدى. شۇڭا سىلەر ماڭا تاشقى پىلانىتلىق بىرەر يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ قويالامسىلەر؟

— ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونىدىن: گۈلزار

**جاۋاپ:** سىز قاتناش قورالى بىلەن تەمىنلىسىڭىزلا، بۇ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇنداشقا ھەر ۋاقىت تەييارمىز.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر ئەپەندى: مېنىڭ بىر ئىتىم بار ئىدى، ئۇ بىر كۈنى باغلاقتىن يېشىلىپ، قوشنامنىڭ پۇتىنى چىشلىۋالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوشنامدىن كۆپ ئەپۇ سورىدىم ۋە داۋالاش ھەققىنى تۆلەپ بېرىشنى قايتا - قايتا ئۆتۈنۈپ سورىدىم، ئەمما قوشنام بۇنىڭغا زادىلا كۆنمەي، ھەر كۈنى كېلىپ «قانغا قان ئالىمەن...» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن بەك تەڭقىسلىقتا قالدىم، ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز.

— ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن: ئەمەت قاسىم

**جاۋاپ:** ئىتىڭىزنى مەھكەم باغلاپ قوشنىڭىزغا ئېلىپ چىقىپ بېرىڭ، ئۇمۇ ئىتىڭىزنى قانغۇچە چىشلىۋالسۇن.

**سوئال:** مەن يېقىندا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن سىرتقا چىقىپ، خېلى يامان ئەمەس بېزەلگەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ مانتا يېگەنىدىم، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىچىككىنە رەخت پارچىسى چىقىپ قالدى، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، لام - جىم دېمەي تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم، سىزنىڭچە مۇشۇنداق قىلغىنىم توغرا بوپتىمۇ؟

— ئۈرۈمچى سايباغ رايونىدىن: ئىمىن تۇمۇر

**جاۋاپ:** ناھايىتى توغرا قىلىپسىز، خوجايىن كۆرۈپ قالغان بولسا، بەلكىم رەختنىڭ پۇلىنىمۇ بەر دەپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

**سوئال:** بىز تەھرىر بۆلۈمىڭلاردىكى خادىملارغا ھەر جەھەتتىن قايىل. يېقىندا بىزنىڭ ئىدارىدە بىر ژۇرنال نەشىر قىلىندى، سىلەر بىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ ئىشلەشنى خالامسىلەر؟ ئەلۋەتتە ئىش ھەققىڭلار ھازىرقىدىن كۆپ بولىدۇ.

— ئۈرۈمچىدىن: مۇھەممەت شەرىپى

**جاۋاپ:** ئەلۋەتتە خالايمىز، بىراق شۇنىمۇ دەپ قويۇشنى لايىق تاپتۇقكى: (1) ئىش ھەققىدىن باشقا، خۇشاللىق ۋە دوستلىرىمىز ھازىرقىدەك كۆپمۇ؟ (2) ژۇرنىلىڭلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»دەك ياخشىمۇ؟

**سوئال:** ئاڭلىسام، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاپ» تەييارلىغۇچىلار خېلى دانىشمەن كىشلەردىن ئىمىش. ئۇنداق بولسا، سىلەر ھازىر مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى تېپىپ باقالامسىلەر؟!

— خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 95 - يىللىق ئومۇمىي پەن 4 - سىنىپتىن: ئابدۇلئەزىز كۇرەش

**جاۋاپ:** سىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى شارت - شۇرتلا تېپىۋالدىم. لېكىن سىزنىڭ پارت-پۇرتلا مۆكۈنۈۋالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، ھازىرچە مەخپىي تۇتۇۋاتىمەن. مېنىڭ نېمە دەپ تاپقانلىقىمنى سىزمۇ غاچ - غۇچلا دەپ بېقىڭا قېنى!

**سوئال:** مەن بىر سىنىپتا 9 يىل بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىمغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. چىن يۈرەك سۆزۈمدىن پۈتۈلگەن 3 پارچە خەت يازسام، ئۇ ماڭا بىرەر پارچىمۇ خەت قايتۇرمىدى. قاچانغۇچە خەت يازسام جاۋاپ كېلەر؟

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزا 7-كەنت 7 - مەھەللىدىن: ئەكبەر سەمەت

**جاۋاپ:** ئەمدى خەتلا ئەۋەتمەي، يۈرىكىڭىزنىلا

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاپ

ETHNIC UNITY

ئەۋەتىڭ.

**سوئال:** مەن هازىر 24 ياشقا كىرىپ قالدىم، بەكلا تويى قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. تويى قىلاي دېسەم تويى قىلغۇدەك پۇلۇم يوق. زادى قانداق قىلسام تويى قىلالايمەن؟

ـــ پوسكام ناھىيە كۆلباغ يېزا شاڭگۈلباغ مەكتەپتىن: تۇرغۇن سادىر

**جاۋاب:** «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەن گەپكە ئاساسەن، ئۆزىڭىزدىنمۇ قاقسەنەم قىزدىن بىرىنى تېپىپ، «تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس» پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈڭ.

**سوئال:** بىر كۈندە 3 ۋاق تاماق يېيىش ھەم ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ھەم غىزا ئىسراپچىلىقى بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ۋاقلا تاماق يېسەك بولماسمۇ؟

ـــ خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 95 - يىللىق ئومۇمىي پەن 4 - سىنىپتىن: ئابدۇلئەزىز كۈرمىش

**جاۋاب:** بۇنداق «ئىجادى» پىكىر قىلىپ، «كونا ئادەت»كە ئوت ئېچىش روھىڭىزغا بارىكاللا. قېنى، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدىن باشلاپ سىناق قىلىپ كۆرۈڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز، مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىنى سىزگىلا تەئەللۇق قىلىپ ھەقسىز ئېلان چىقىرىپ بېرىشكە تەييارمىز.

**سوئال:** كىشىلەر «ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى» دېيىشىدىكەن. مەن كەتكەن ۋاقتىمنى ئىزدەپ بەختىمنىمۇ تاپماقچى ئىدىم. ۋاقىت زادى نەگە كېتىدۇ؟

ـــ قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق سىنىپتىن: ئابدۇقادىر ئېلى

**جاۋاب:** ۋاقىت يۈگۈرۈكنىڭ ئېتىغا مىنىۋالدۇ، ئىشچانىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدۇ.

## «جاۋاب بېرىڭ؟!»گە جاۋابلار

**سوئال:** مۇشۇ كەمدە تىرىقىنىڭ پىنىنسچىلىك

## هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

## هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

مەنسەپكە ئېرىشىپ قالغان بەزى ئادەملەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئېرىشكەن مەنسىپىگە قاراپ ئىسىم قويىۋالىدىكەن. مەنمۇ كەلگۈسىدىكى پەرزەنتىمنىڭ ئىسمىغا ئەمەلىنىمۇ قوشۇپ قويايمۇ ياكى شۇنداقلا قويۇپ تۇرايمۇ؟ (1997 - يىللىق 5 -. سان ژۇرنالدا)

(1) **جاۋاب:** سىز ھەققەتەن مۇشكۇل مەسلىگە يولۇقۇپ قاپسىز. مېنىڭ مەسلىھەتىمچە، پەرزەنتىڭىزگە ئىسىم قويماي تۇرۇڭ، كەلگۈسىدە بىرەر ئەمەلنىڭ پېشى تېگىپ قالسا، خەقلەر ئەمىلىگە قاراپ ئىسىم قويىۋالار!

ـــ ئىلى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 95 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى: زىمىنەپ تۇرسۇن

(2) **جاۋاب:** سىز سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سېلىپ يۈرمەي، پەرزەنتىڭىز ئەمەلگە ئېرىشكەندە بىراقلا قويىۋەتسىڭىز ياخشىمۇ دىمەن.

ـــ قاغىلىق ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ 3- يىللىق 4 - سىنىپتىن: ئاينۇر ئىدرىس

(3) **جاۋاب:** سىز پەرزەنتىڭىز ئاپىرىدە بولغۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭ ئەمەل تۇتقۇسى بار-يوقلۇقىنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىپ ئىش كۆرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىزغۇ!

ـــ قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 93 - يىللىق 1 - سىنىپتىن: ئەمەتجان ئىسلام

## جاۋاب بېرىڭ؟!

**سوئال:** مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇنىڭ چىرايى بەك سەت، كۆرۈمسىز، ئۇنى ئۆيلەپ قويايلى دېسەك، بىرەر لايىق قىز چىقمىدى، قانداق قىلساق، ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويالايمىز؟

(مەزكۇر سەھىپىنى خەمىت نېغمەت، ياسىن هاۋازى تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

## راست ئادەمگە ئوخشاش

ــ مەن يىگى تىپتىكى بىر ماشىنا ئادەم كەشىپ قىلدىمكى، بەئەينى راست ئادەمنىڭ ئۆزى! ــ دەپتۇ بىر ئالىم دوستىغا ماختىنىپ.

ــ ئۇ پەقەت خاتالاشامدۇ؟

ــ ياق، خاتالاشىدۇ، ــ دەپتۇ ئالىم دوستىغا چۈشەندۈرۈپ ــ لېكىن خاتالىشىپ قالغان چاغلىرىدا بەئەينى راست ئادەمگە ئوخشاش جاۋابكارلىقنى باشقا ماشىنا ئادەملەرگە دۆڭگەپ قويۇشنى بىلىدۇ.

## مېنىڭ جايىمدا ئولتۇرۇڭ

توماس كىچىكىدىلا دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئۆزىدىن چوڭلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپتۇ، بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئادەملەر قىستى ـ قىستاق بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ قاپتۇ. توماس ئامالسىز ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاپتوبۇس بىر بېكەتتە توختىغاندا پوزۇر كىيىنگەن بىر خانىم چىقىپتۇ، توماس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆز ئورنىنى كۆرسىتىپ:

ــ مەرھەمەت خانىم، مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ! ــ دەپتۇ.

## ساڭا ئوخشاش سۆزلەيتتۇق

گىتلېر بىر كۈنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ بىر ساراڭدىن «مېنى تونۇمسىز؟» دەپ سوراپتۇ. ساراڭ بېشىنى چايقاپتۇ. گىتلېر شۇ ھامان دەرغەزەپكە كېلىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

ــ مەن بولسام ئادولوف گىتلېر، سىلەرنىڭ ئۇلۇغ داھىيڭلار بولىمەن، مېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمنىڭ تەڭداشسىز زور ئىكەنلىكىنى پەقەت تەڭرى بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن!

ساراڭلار ھىجىيىشىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ، ئاردىن بىر ساراڭ چىقىپ، گىتلېرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

ــ راست ئېيتىسەن بۇرادەر، بىز يىگى ئاغرىغان چاغلىرىمىزدا خۇددى ساڭا ئوخشاش سۆزلەيتتۇق، ــ دەپتۇ.

## يېرىمىنى كېسىۋالسىڭىزچۇ

ئېگىكىنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان بىر ناتىق مۇنبەرگە چىقىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق توختىماي سۆزلەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەتىگەندە ساقال ـ بۇرۇتىنى ئېلىۋېتىپ، پۈتۈن ئوي ـ خىيالى بۇگۈن سۆزلەيدىغان نۇتۇقتا بولغاچقا، ئېگىكىنى كېسىۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ ھامان ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

ــ ھەي ئىست، پۈتۈن ئوي ـ خىيالىڭىزنى ساقال ـ بۇرۇت ئېلىشقا قارىتىپ، نۇتقىڭىزنىڭ يېرىمىنى كېسىۋالسىڭىزچۇ ــ دەپتۇ.

## دەرھال ئېسىمگە كەلدى

شلەپىسىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئادەم شلەپە ئوغرىلىماقچى بولۇپ، ئىبادەت كۈنى چېركاۋغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ چېركاۋغا كىرىشى دەل پوپنىڭ «ئۇن تۆرلۈك گۇناھتىن ھەزەر ئەيلەش» ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقىنىغا توغرا كېلىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ كىشى پوپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ مەن ئەسلىدە گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئويىدا چېركاۋغا كېلىۋېدىم، لېكىن سىز مېنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن توسۇپ قالدىڭىز، مېنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن قۇتۇلدۇردىڭىز، مەن بىر شلەپە ئوغرىلىماقچىدىم، سىزنىڭ



ETHNIC UNITY

شەيتان لۇغەت: تاكسىغا ئولتۇرۇش ــ پۇلى بارلارنىڭ ھەشەمەتچىلىك قىلىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

ۋەز-نەسىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلاپ گۇناھ ئۆتكۈزۈش نىيىتىدىن ياندىم، — دەپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ پوپ خۇرسەن بولۇپ، — قېنى، ئېيتىڭە، مېنىڭ قايسى سۆزۈم سىزنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقىت قىلدى.

— سىزنىڭ «زىنا قىلىش چوڭ گۇناھتۇر» دېگەن سۆزىڭىزنى ئاڭلاپلا شىلەپەمنىڭ قەيەردە قالغانلىقى دەرھال ئېسىمگە كەلدى.

— دەپتۇ ئۇ كىشى. (خەمت نېمەت تەييارلىغان)

## ھېسام لەتىپىلىرىدىن

### تەۋەرۈك ئاپقۇر چىنە

ھېسامنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن ياغاچچى چۈشلۈك چايدا ئەتكەن چايغاناننى قايتا - قايتا سەرجان باسقاندەك ئىقتاپ سىلىپ ئىچىۋەردى. ئۈۋەتتىكى چاي لىقلاشتا ھېسام ياغاچچىغا چاقچاق قىلدى:

— ئاغىنە ناننى قانچىلىك يېسەڭ يە، چاينى قانچىلىك ئىچسەڭ ئىچ، ئەمما چىنىنى يېرىۋەتمىگىن، بۇ ئاتا-ئانامدىن قالغان تەۋەرۈك ئاپقۇر چىنە ئىدى.

### باش

ھېسام بىلەن بىر مەھەللىلىك ياغاقباش دۇكاندار بىر مەھەل ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى. بىر قېتىم ھېسام ئۇنى كوچىدا يەنە قۇسۇققا مىلىنىپ ياتقان ھالىتىدە كۆرۈپ قالدى.

— ئاداش، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، — دېدى ھېسام دۇكاندارنى ئاران سەگىتىپ، — بېشىڭىزنى ئىت يەپ كەتمىسۇن، سىزنىڭ دېگەن تەييار باش دەڭا!

### پىيادە كېتىۋېرىمەن

يىراق سەپەردىن قايتقان ھېسام بېكەتتە ھارۋىكەش بىلەن سودىلاشتى:

— ئۆزىڭىزدىن پۇل ئالىمەن، — دېدى ھارۋىكەش، — تونۇشلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، — يۇك - تاقىڭىزدىن پۇل ئالمايمەن، قانداق؟

— تولا ياخشى بولدى، — دېدى ھېسام، — ئەمىسە ئۇكا، يۈكۈمنى ئېلىپ مېڭىۋەر، ئۆزۈم پىيادە كېتىۋېرەي.

كۇلكە خۇرۇچلىرى

## كۇلكە خۇرۇچلىرى

### تېلېۋىزور كۆرمىگەنلەر

ھېسام ئىشلەۋاتقان ئۆمەك مەلۇم بىر ناھىيىگە كەلگەندە قاتناش ساقچىلىرى رەسمىيىتى تولۇق ئەمەسكەن دەپ شوپۇرنىڭ پراۋىسىنى تارتىۋالدى. ئۆمەك باشلىقى زادى ئامال قىلالماي، ھېسامنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

— ياخشىمۇ سىلەر ئۇكا، — ھېسام ئىشەنچلىك ھالدا ساقچىلارنىڭ يېنىغا باردى، — بىز كېلىپ قالغان...

- ئۆتەۋۈي، سەن ئارىلاشما، — بىر ساقچى قوپاللىق بىلەن ھېسامنى چەتكە ئىتتەردى، ھەپىلىسى بىر بولغان ھېسام نېرى ئۆتۈپ غودۇڭشىدى:

— تازا تېلېۋىزور كۆرمىگەن ئاداشلارمۇ نېمە، بۇ!

### راھەت شۇ بولسا...

دوقمۇشتىكى ئاغىنىلەر بىكارچىلىقتا تاغدىن - باغدىن پوئاتقىلى تۇرۇشتى.

— چەت ئەلدە ئاجايىپ دىۋانىلەر بارمىش، — دېدى ھېسامنىڭ ئىش ياقماس قوشنىسى، — ئۆزلىرى بۆلەك ئىش قىلىپ، ئورنىدا ئىتلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بوينىغا سېۋەت ئېسىپ قويسا، پۇل دېگەن چۈشۈۋېرىدىكەن، مانا راھەت!

— راھەت شۇ بولسا، — دېدى ھېسام غىجىنىشنى تەستە بېسىپ، — چەت ئەلگە چىقىپ دىۋانىنىڭ ئىتى بولسىڭىز بولمامدۇ قوشنام؟ ( ماخمۇت مۇھەممەت تەييارلىغان)





شەيتان لۇغەت: تاكسىغا ئولتۇرۇش — ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۆچرەتتە تۇرغانلارنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان بىر خىل ئەھۋال.

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى

## ئوقۇغاندىن كېيىن...

مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 1- ۋە 2-سانلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم ھەم بۇ ژۇرنالغا بەكمۇ قىزىقىپ قالدىم، سەھىپىسىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم ئاشتى.

ئەخەت ھاشىم ئاكامنىڭ 1997- يىللىق 1- سان ژۇرنالدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرنىلى ۋە مەن» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ئۇ: «دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر قۇش تۇخۇمدىن چىققان بولسىمۇ تېخى ئۇۋىسىدىن چىقمىغان قىپقىزىل ئەتلىمە گۆش چېغىدا ئەلۋەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ، لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىنۇت- سېكۇنتلاپ چوڭىيىپ قانات - قۇيرۇقلىرى يېتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن؛ بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە گۈزەللىكنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدۇ» دەپ يازغان. توغرا، بۇ ژۇرنال دۇنياغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىسىمۇ، 80 نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆزىگە شۇنچە قىزىقىش بىلەن جەلپ قىلالىغانلىقىغا ھەيرانمەن. بۇنىڭدا بىر سىر بارمۇ-قانداق؟

بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن سۆزلەپ بېرەي:

1997- يىل 20-ئۆكتەبىر كۈنى مەن دەم ئېلىشىمدىن پايدىلىنىپ 1998- يىللىق گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش خىيالىدا بىر قاتار گېزىت- ژۇرناللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم: بۇلارنىڭ قايسىلىرىغا مۇشتەرى بولسام بولار؟ مەن بىر پىكىرگە كېلەلمەي دادامدىن تەگكە پۇل سورىدىم. دادام مەندىن:

— قىزىم تۇرغىچىلا تەگكە پۇل سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ بۇنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن دادامغا:

— قايسى ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشنى بىلەلمەي قالدىم. شۇڭا تەگكە ئېتىپ تەقدىر بەلگىلىگەندەك ئىش قىلىپ باقاي دەيمەن، — دېدىم.

دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئەخمەق قىزىم، قايسى ژۇرنالغا قىزىقىدىغىنىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟!

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. شۇ كۈنى دادام كەچقۇرۇن مەسچىتكە ناماز ئۆتىگىلى چىقىپ كېتىۋېدى، 2 پارچە ژۇرنال كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.

مەن دادامدىن: — دادا قولىڭىزدىكى قايسى ژۇرنال؟— دەپ ئالدىراپ سورىدىم. دادام قولىدىكى ژۇرنالنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن ژۇرنال. مەسچىت ئۆلىمالىرى مۇشتەرى بولغانىدى. ئوقۇپ كۆرەي دەپ ئېلىپ چىقتىم.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇ ژۇرنالنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئوقۇغانسېرى مەندە بىر خىل قىزىقىش پەيدا بولدى. بولۇپمۇ «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»، ئىدرىس ئاكامنىڭ «ئامېرىكا تەسىراتلىرى»، «مىللەت خەزىنىسى»، «ئوقۇرمەنلەر ساداسى»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى» قاتارلىقلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەن ئۇ ژۇرنالنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەي قالدىم. ئوقۇۋېتىپ «كىرورەن گۈزىلى ئاچقىن يۈزۈڭنى بىر كۆرەي» دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ھەم ئۆزۈمدىن بېرى يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر سىرنى يەشمەكچى بولغاندەك ئانامنى چاقىردىم. ئانام قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ يېنىمغا كېلىپ:

— قىزىم ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەب ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟— دەپ سورىدى.

مەن ئانامغا:

— ئانا سىز تېلېۋىزوردا كىرورەن گۈزىلىنى كۆرۈپ «ئۇ بىر خىيالىي چۆچەك بولۇشى مۇمكىن» دېگەندە، مەن قايىل بولماي «ئۇ ھەقىقىي مىللەت خەزىنىسى. راستىنلا قۇم ئاستىدا 3800 يىل ياتقان ئايال ئىكەن» دېمىگەنمىدىم. مانا بۇ ژۇرنالدا ئۇنىڭ راستىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ. ئەمدىغۇ قايىل بولغانسىز؟— دېدىم.

ئانام ئوقۇپ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز ئىشىغا چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئانام ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بېرى يېشىلمەي كېلىۋاتقان سىر ئاخىر مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق يېشىلدى. ئاناممۇ بۇ ژۇرنالغا قايىل بولدى. تېخىمۇ

ETHNIC UNITY

قىزىقارلىقى شۇكى، مەن ئوقۇپ بولالمىغىنىمنى ئەتىسى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋېرىپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن. بىر چاغدا ئانام يېنىمغا كېلىپ:

— قىزىم تاماق ئېتىپ قويدۇم، ئىسسىقىدا يەۋالغىن بــ دېگەندىن كېيىنلا ئالدىراپ سائەتكە قارىسام 12 دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھەتتا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن.

شۇ چاغدا دادام تاماق يەۋاتقانلىقىمدىن پايدىلىنىپ ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن دادامغا ھەيرانلىق نەزىرىم بىلەن قاراپ تۇرۇپلا قالدىم ھەم ئىچىمدە ئويلىدىم:

«دادام دىنىنىيغىلا بېرىلىپ، پەننىيگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. بۇ قېتىم ئەجەپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا قىزىقىپ قاپتىغۇ».

كېيىن مەن تامىقىمنى يەپ بولۇپ ژۇرنالنىڭ قالغان قىسمىنى ئوقۇش ئۈچۈن دادامدىن ژۇرنالنى سورىدىم. دادام گېپىمنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى قەستەن ئاڭلىماس بولۇۋالدىمۇ، ئەيتاۋۇر جاۋاب قايتۇرماي ژۇرنالنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋەردى. شۇ چاغدا مەن «دادام قايسى سەھىپىلەرگە شۇنچە قىزىقىپ قالغاندۇ» دەپ يېنىغا بېرىپ قارىدىم. دادام «ئوقۇرمەنلەر سادايى»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» قاتارلىق سەھىپىلەرگە قىزىقىپ قالغانىكەن. خېلى بىر ھازاغىچە ساقلاپ ھېرىپ قالدىم-دە، دادامغا:

— دادا پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالدى، نامازغا تۇرمامسىز؟ — دېدىم. دادام سائەتكە قارىغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قىزىم سائەت ئەمدى 1 بولغان تۇرسا، قانداق پېشىن ۋاقتى بولىدى دەۋاتىسىز! — دېدى ھەمدە مېنىڭ ژۇرنالغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، يېنىمغا كېلىپ:

— قىزىم سىز ژۇرنالنى ئوقۇماقچىدىكىزغۇ تايىنلىق، مانا ئېلىڭ! — دېدى ھەم قولۇمغا ژۇرنالنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن شۇ چاغدا دادامدىن قىزىقىش بىلەن سورىدىم:

— دادا سىز پەقەتلا ژۇرنال كۆرمەيتتىڭىز مانا ئەمدى ئەجەب كۆرمەكچى بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— قىزىم ئوقۇغۇچىلىكى بار ژۇرنال ئىكەن ئەمەسمۇ — دەپ رازىمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى دادام. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەمدىلا 3 ياشقا كىرگەن سۇبھىنۇر ژۇرنالنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ ئىدرىس ئاكامنىڭ ئامېرىكىدا تارتقان كۆركەم مەنزىرىلىك سۈرەتلىرىنى ۋە مەككە دېھقانلىرىنىڭ كۆركەم ئاممىباب سىزىلغان رەسىملىرىنى ئىشتىياق بىلەن قىزىقىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن ژۇرنالنى ئالالمىدىم. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان دادام مىيىقىدا كۈلۈپ كېتىپ:

— ھە قىزىم باياتىنغۇ مېنى ۋاقتى كەلمىگەن پېشىنگە باھانە قىلىپ ژۇرنالنى ئېلىۋالدىڭىز، ئەمدى سۇبھىنۇرغا ئويۇن ئوينايدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى دەپ باھانە قىلاي دەمسىز؟ — دېدى.

دېمىسىمۇ سۇبھىنۇر گۈزەل سەنئەت گۈلزارىغا بەكلا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ژۇرنالنى ئالالمىغاندىن كېيىن كېيىنشكە باشلىدىم. شۇ چاغدا دادام يەنە مەندىن «نەگە بارسىز ژۇرنال كۆرمەي» دەپ قەستەن جىلى قىلغىلى تۇردى.

— پوچتىخانىغا بېرىپ كېلەي دەيمەن، — دېدىم دادامغا چىقىپ كېتىۋېتىپ. دادام پوچتىخانىغا بارىدىغانلىقىمنى بىلىپ ئالدىراپ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ماڭا سۇندى.

— قىزىم ماۋۇ پۇلغا 1998- يىللىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى خەتلىتىپ قويۇڭ.

مەن دادامنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ھەيران قالدىم. چۈنكى دادام مەسچىتتىكى ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە خەتلەنگەندىكىن، نۆۋەتلىشىپ كۆرسە بولۇۋېرەتتىغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ پوچتىخانىغا ئالدىراپ مېڭىشىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ ژۇرنالغا خەتلىنىش ئەمەسمىدى. مەن مۇشۇلارنى ئويلىدىم - يۇ، يەنە: «مەنمۇ چوقۇم خەتلىنىمەن، دادامۇ ھەم خەتلەنسۇن. چۈنكى ياشىنىپ قالغان دادامنىڭ بۇ ژۇرنالغا شۇنچە قىزىقىپ قېلىشى بىر مۆجىزە. شۇڭا كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ سەپمەي، بولسا تېخى تالىشىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە سۇبھىنۇرغىمۇ خەتلىتىپ قويسام تېخى ياخشى» دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.

ئاخىرىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى شۇنچە قىزىقتۇرىدەك قىلىپ تۈزگەن مۇھەررىرلەرگە ئالىي سالىمىمنى يوللايمەن. 1997- يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى

توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزا قەسقىر مەھەللە5- دۆيدىن: نۇسرەتگۈل ئابدۇرۇسۇل

ETHNIC UNITY

# مورفىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت

# قازىنىش توغرىسىدىكى

# قانۇنىيىتى

**ئىرنـاق ئېلىـشتىكى خاتالىق:** ھەر قېتىم تىرنىقىڭىزنى ئېلىپ بولۇپ، 1 سائەتتىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىز.

**سائەت قانۇنىيىتى:** 1 سائىتى بار كىشى سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. 2 سائىتى بار كىشى ۋاقىتنى جەزملەشتۈرەلمەيدۇ.

**تېلېـفون لىنىيىسىنىڭ بوش بولماسلىقى:** سىز تېلېـفون نومۇرىنى خاتا بۇراپ قويغان چېغىڭىزدا، تېلېفون لىنىيىسى مەڭگۈ راۋان بولىدۇ.

**ئويۇن قائىدىسى:** نۆۋەت سىزگە كەلگەندە، ئۇلار ئويۇننىڭ قائىدىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

**ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى:** ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدا 2 سەۋەب بار: (1) ئىختىيارىيلا ئېيتىپ قويۇلغان سەۋەب؛ (2) ھەقىقىي سەۋەب.

**پۇل مەسىلىسى:** مۇبادا بىر ئەركەك سىزگە: «پۇل مەسىلىسى ئەمەس، پرىنسىپ مەسىلىسى» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى پۇل مەسىلىسى بولىدۇ.

**ھەرگىز «دۆت» دېمەسلىك:** سەن مەلۇم بىر كىشىنى سەت دېسەڭ، پۈتۈنلەي سېسىق پۇرايدىكەن دېسەڭ بولىدۇ، ھەتتا ھاقارەتلەپ «ئاناڭنى» دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئەمما ھەرگىز «دۆت» دېمە.

**كۆچـۈرۈۋېلىش بىلەن تەتقىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى:** بىر ئادەمنىڭ پىكرىنى ئوغرىلاش — كۆچۈرمىچىلىك بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ پىكرىنى ئوغرىلاش — تەتقىق قىلىش بولىدۇ.

**تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش:** پەقەت رىقابەتلەرلا بىر ـ بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرەلىشى مۇمكىن.

**كۆيئوغلىنىڭ ئورۇن تاللىشى:** كەم دېگەندە % 50 كۆيئوغۇل قېيىن ئانىسى ھال سورىغىلى پىيادە كېلەلىگۈدەك يەردە ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ.

**نەرسە سېتىۋېلىشتا ئەزمىلىك قىلىش:** ماگىزىنغا كىرىش بىلەنلا ياقتۇرۇپ قالغان تۇنجى نەرسىڭىزنى ھامان سىزدىن بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان كىشى ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ.

**ئۆزىنى كۆرسىتىش:** ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە كۈچەپ كۆرسەتسىڭىزمۇ، ھەرقانچە ياخشى قىلىپ كۆرسەتسىڭىزمۇ، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىزنى ياقتۇرمايدىغان كىشى چىقىدۇ.

**ياردەملىشىش:** خەققە بىر قېتىم ياردەم بەرسىڭىز، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ خىزمىتى بولۇپ قالىدۇ.

**سۆھبەتلىشىش:** ئاۋۋال ياق دېيسىز، كېيىن سۆھبەتلىشىسىز.

**مەسلىھەت بېرىش:** سىز ياخشى مەسلىھەت بىلەن يامان مەسلىھەتنى پەرقلەندۈرەلمىسىڭىز، سىزگە ھېچقانداق مەسلىھەتنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

**بىر ـ بىرىنى ئويلاش:** خەقنىڭ ئۆزىڭىز توغرىلىق نېمە دەپ ئويلايدىغانلىقىدىن ئەنسىرىمەڭ، خەق دەل ئۆزى توغرىلىق سىزنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتقان بولىدۇ.

**ئىنغۇا تارقىتىش:** 48 سائەت ئىچىدە يوقالمىغان ھەرقانداق ئىنغۇا راست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**بېسىمغا قارشى چىقىش:** پەن ئىسپاتلىدىكى، تەبىئەت دۇنياسىدا تۆۋەننى چاشقاندىن تارتىپ، يۇقىرىسى ھەممىگە قادىر ئىنسانلارغىچە، ھەممىسى ھامان بىر نەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ماڭا بېسىم ئىشلەتمە! دەپ قاتتىق چۇقان كۆتۈرگۈسى كېلىدۇ.



(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

## ئىككى نەسر

● ئەخمەت ئىمىن ●

### زىراپە

زىراپە ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر قويۇق جايغا كىرمەي ھەممىشە ئورمان چېتىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىكى يۇمران نوتا- يوپۇرماقلارنىلا يەيدىكەن. بۇنىڭغا ئۆزۈندىن بېرى دىققەت قىلىپ يۈرگەن ئوغلاق بىر كۈنى ئانىسى ئۆچكىدىن:

— زىراپە ئېگىز دەرەخلەرگىلا ئېسىلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ ئورمان ئەھلى تۇرۇپ نېمىشقا ئورمان ئىچىگە زادىلا كىرمەيدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى ئۇ ئېگىزگىلا ئېسىلغاچقا، ئورمان ئۇنىڭغا ئۆز قوينىدىن ئورۇن بەرمىگەن، — دەپتۇ ئۆچكە بالىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

زىراپە، ھەرقانچە گېدىيىۋالساڭمۇ، تەشنالىقىڭنى قاندۇرىدىغان ئەزىم دەريا ئالدىدا ئېگىشمەي قالمايسەن، ئاخىر!

ئەي، يۇمران نوتا - يوپۇرماقلارنىڭ رەھىمسىز جاللاتى، پۇتۇڭغا كىرگەن شوخا سەن يالىڭاچلىۋەتكەن دەرەخ ئۇچىنىڭ قىساس خەنجىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتامدىغانسەن!؟

### بارماق ھەققىدە پارالڭ

قولۇڭنى ئاچ، بۇرادەر، بارماقلىرىڭغا دىققەت قىل.

باشمالتىقىڭ پاكار، دىقماق بولسىمۇ ئالاھىدە مەرتىۋىلىك. بارچە يارالمىلىقنىڭ بەلگە - نىشانى بىر شۇنىڭغىلا مۇجەسسەم قىلىنغان. ئەجەبا، بۇ ئۇنىڭ ھەممىنىڭ ئالدىغا يارىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق بولغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىدارى پەقەت ماختاشلا. ئۇنى يالغۇز ھالدا بىر ئىشقا سالساڭ، ماختىغۇدەكقۇ ئەمەس، ھەتتا تىلغا ئالغۇدەكمۇ بىرەر ئىشقا يارىمايدۇ.

ئۇنىڭغا قارىغاندا 2 - بارماقنىڭ خېلى پەيزى بار. بەزىدە ئۇ نىشانغا توغرىلانغان يانىڭ ئوقى، ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا يىراق- يىراقلارنى ئىما قىلىسەن؛ يېقىنغا ئىشلەتكەندە ئۇ خۇددى بىر بېگىز، نەپرەتلەنگەن ئادىمىڭنىڭ كۆزىگە تۇرتىسەن.

ئوتتۇرانچى بارمىقىڭ ھەممىدىن ئېگىز. ئىككى يېنىدا ئۇنى ھۆركۈرەتكەن قولداشلىرى بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پەقەت بەچچىۋازنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىسەن.

4- بارمىقىڭنىڭ نېمىگە ئىشلىنىدىغانلىقى تۇرماق، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيسەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بېلىگە ئالتۇندىن كەمەر قادايسەن.

چىمچىلىقىڭ ھەممىدىن كىچىك. شۇنچە ئوماقلىقىغا قارىماي، ئۇنى يارىماسلىقنىڭ نىشانىسى قىلىسەن.

بارماقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاشۇنداق سۈپەتلىرى ۋە قېلىپلىشىپ قالغان ئوخشاش- چۈششەك ۋەزىپىلىرى بار. لېكىن، قولنى تەشكىل قىلىش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىر نەرسىنى تۇتۇش ۋە ئېلىشقۇ. مەيلى ماختانچاق دوغىلاق بارماق بولسۇن، مەيلى ئورۇشقاق كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە مەيلى غورۇرلۇق ئۆزۈنتۇرا ياكى نامسىز ياسانچۇق ۋە ياكى شا كىچىك چىمەلتەك بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر نەرسە تۇتالمايدۇ. ئالدىنقى ئىككىسى بىرلەشسە، بىر نەرسىنى چىمدىيالىشلا مۇمكىن، ئۇلارغا ئوتتۇرانچى بارماق بىرلەشسە، يېرىم چىمدىملا بولالايدۇ، ئۇلارغا نامسىز بارماق بىلەن چىمچىلاق بىرلەشسە، ئاندىن تولۇق بىر چىمدىم بولالايدۇ. ئۇلار كۈچلۈك چاڭگال بولۇپ بىر نەرسىنى يۇلۇۋېلىشى ئۈچۈن يۇزەكىلا ئەمەس، بەلكى تېگى- تەكتى بىلەن ھەققىي بىرلىششى كېرەك.

«ئۆملۈك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدىڭغۇ، بۇرادەر. ئۇنىڭ نېمىلىكىنى مانا بارماقلىرىڭلا بىلدۈرۈۋاتىدۇ. 3 بارماق بىرلەشسە، قەلەم تۇتالايدۇ؛ 5 بارماق بىرلەشسە... 5 بارمىقىڭ

ETHNIC UNITY

قەلب چىرىغى: ۋاقىت — ئەڭ ئۇلۇغ، ئادىل سودىيە. (روسىيە)



# ئوتلۇق تىلەك

(شېئىر)

● ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ●

1996- يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېمپىيونلۇقنى تالىشىش بوكس مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولۇپ مەملىكەتلىك بوكس پادىشاھى دەپ نام ئالغان ئابدۇشۈكۈر مىجىت 1997- يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنى كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن 8- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور شان-شەرەپ كەلتۈردى.

(گېزىت خەۋىرى)

سەن بۈيۈك تەڭرىتېغىنىڭ پەرزەنتى - ئوغلانى سەن،
قەھرىمان، ئىشچان خەلقنىڭ پەخرىسەن، پالۋانى سەن.

سەن يېڭىپ بوكس جېڭىدە يەنە زور قۇچتۇڭ شەرەپ،
ئاندىن جۇڭگوغا ئېلىم كۆكىدە بىر چولپانى سەن.

غەيرىتىڭ، جەسۇرلۇقۇڭغا بولدى قايىل ئەل - ۋەتەن،
ئوت يۈرەك، باتۇر بىلەكلەر شاھى سەن، سۇلتانى سەن.

مىللىتىڭ، خەلقىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزدۈڭ يەنە،
بولدى شائىر بارچە مىللەت، تىلدا كۈي - داستانى سەن.

ھەممىمىز ئورتاق تىلەكتە تىلىدۇق شەنىڭگە قۇت،
تاشلىغىن ئالغا قەدەم كۆزلەپ يېڭى ئىقبالنى سەن.

مىلسىز قۇدرەتكە تول قۇچقىن زەپەر ئادىل كەبى،
چىق يەنە شان مۇنبىرىگە تاڭ قىلىپ دۇنيانى سەن.

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

چېچىلسا، «ھاي، ئۇنداق قىلما، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن» دەپ كەينىڭگە يانسەن؛ 5 بارمىقىڭ تەڭ تۈگۈلسە، دۈشمىنىڭنىڭ خامىرىنى يارىسەن...

ئالقىنىڭنى ئاچ، بۇرادەر، بارماقلىرىڭغا قارا! بايام دېگەندەك، ئۇنىڭ بوي- بەستى بىر خىل يارالمىغان: بىرى پاكار، بىرى ئېگىز، بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز. ئۇنىڭ قاتارىمۇ تەڭشەلمىگەن؛ يا پاكاردىن ئېگىزگە قاراپ تىزىلمىغان، يا ئېگىزدىن پاكارغا قاراپ. سەن تەڭشەلمىگەن جاھاننىڭ تىمسالىنى تەكشىسىز بۇ قاتاردىنمۇ كۆرەلەيسەن.

دەرھەقىقەت، بۇ دۇنيا تەڭشەلمىگەن، لېكىن ئۆملۈكلا ئۇنى نىسپىي ھالدا تەڭشەپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ 5 بارمىقى ئۆملىشىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، بۇ چاغقىچە ئايرىم مەۋجۇتلۇقنى يوقىتىپ ياكى تۇياقسىمان مۆنەككە ياكى بىر پارچە ياپىلاقسىمان گۆشكە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭغا قارىغاندىمۇ ئېنىق: مېنىڭمۇ، سېنىڭمۇ، ھەممىمىزنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىمىز پەقەت ئۆملۈكتە، ئۆملۈكتە!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)

ETHNIC UNITY

# قاغىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

(مەسەل)

● مۇھەممەت ئىمىن ●

تېخى يېقىندا ئۇچۇرما بولغان بىر قاغا بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ناخشىغا ھەۋەس قىلىپ قالدى. «مەنمۇ ناخشا ئۆگىنەي، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇلبۇلدەك ناخشا ئېيتسام ھەممەيلەن ئالقىش ياغدۇرىدىكەن، ئىمىدىگەن كاتتا شەرەپ بۇ!»

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قاغا ھەركۈنى تاڭ سەھەردىلا تېرەك شېخىغا قونۇۋېلىپ، ھەدەپ قاقىلدايدىغان بولدى. ئۇنىڭ سەت ئاۋازىنى ئاڭلىغان قۇلۇم-قوشنىلار بىزار بولۇپ، ئۇنى بىردەك ئەيىبلەپ كەتتى. ئالقىشقا ئېرىشىش ئورنىغا دەشنام يېگەن قاغىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ساڭگىلىغان ھالدا 500 ياشقا كىرگەن بىر قېرى قاغىنى ئىزدەپ تاپتى.

— بوۋا، — دېدى ئۇ سالام - سائەتتىن كېيىن ئۆز دەردىنى ئىزھار قىلىپ، — مەن بۇلبۇلدەك ناخشىچى بولىمەن دەپ ىىكاردىن بىكار بىر مۇنچە دەشنام يېدىم. ئەجەبا، بىز قاغا ئەۋلادى راستىنلا بۇلبۇلدەك ناخشىچى بولالمايمىزمۇ؟

قېرى قاغا بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ھەرقانداق قۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، تۇغما خۇسۇسىيىتى بولىدۇ، قوزام. بىزدە دەل ئاشۇنداق ئالاھىدىلىك كەمچىل بولغاچقا، ھەرقانچە زورۇقۇپ باقساقمۇ بۇلبۇل بولالمايمىز، شۇڭا ئۇلارنى قارىغۇلارچە دوراپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئىشتىياق باغلاپ، ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولساڭ، كەلگۈسىدە چوقۇم ئۇستا قوشاقچى بولالايسەن!

— قوشاقچى دەمسىز بوۋا؟ — ياش قاغا ھەيران بولۇپ سورىدى — قوشاقچى بولسام بۇلبۇلغا ئوخشاش قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشەلەيمەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئېرىشىسەن! — دېدى قېرى قاغا ئىشەنچ بىلەن، — مەنمۇ ياش چېغىمدا قوشاقچى ئىدىم، ھەر خىل قوشاقلارنى توقۇپ، قۇش-قاناتلارغا ئىلھام بېرەتتىم. ئۇلار قوشاقلىرىمنى ئاڭلاپ زادىلا قانمايتتى، قايتا - قايتا ئېيتقۇزاتتى، شەنىمگە ياغدۇرۇلغان ئالقىش بۇلبۇلدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز ۋە كەمچىلىكىمىزنى بىلىۋېلىپ، تىرىشىش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراشتىن ساقلىنىپ، كەسپىنى توغرا تاللىيالايمىز ھەم ئۇنىڭدىن نەتىجە قازىنالايمىز.

ياش قاغا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ، قېرى قاغىدىن قوشاق توقۇشنى ئۆگەنگىلى كىرىشتى. 3 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇستا قوشاقچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ يەنە ھېلىقى تېرەك شېخىغا قونۇپ، مۇنداق دەپ قوشاق توقىدى:

قاق — قاق — قاق،　قاق — قاق — قاق،
ماڭسا سال قولاق.　ئىشقا كۆكرەك ياق.
ياتمىغىن ئۇخلاپ،　ھالال تەر تۆكۈپ،
خەق قىلار مازاق.　مېغىزىنى چاق!

قۇش - قاناتلار قاغىنىڭ بۇ قوشىقىنى ئاڭلاپ ئالقىش ياغدۇرۇشتى، ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يەنە بىر نەچچە قوشاق توقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قاغا ئىنتايىن ھاياجانلاندى ۋە خۇشال بولدى. ئۇ پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يەنە بىرنەچچە قوشاق توقۇپ بېرىۋىدى، پۈتۈن سورۇندىكىلەر زىلزىلىگە كەلدى. قاغىنى ئەقىللىق، تىرىشچان، تالانتلىق دەپ ماختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاغا قۇش- قاناتلارنى قىزىق - قىزىق قوشاقلىرى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، «قاغا قوشاقچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى ۋە بىر ئۆمۈر قۇش - قاناتلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

يەكۈن شۇكى، نەتىجە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى بىلىشتە.　(ئاپتور: مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)



## مەرپەت مەشئىلى مەڭگۈ مەدھىيلىندۇ

● ئىلھامجان روزى ●

(«م» ھەرپى بىلەن يورۇشكەن سۆز ئويۇنى)

مە كتىپىمىزنىڭ ماتېماتىكا مۇئەللىمى مەخمۇت مامۇت ـــ مۇئامىلىدە مۇلايىم، مايىسلارغا مېھرىبان، ماھارىتى مۇكەممەل، مەيدانى مۇستەھكەم، مەدھىيلەشكە مۇناسىپ، مەملىكەتلىك مېھنەت مېدالىغا مۇيەسسەر مۇنەۋۋەر مائارىپچى.

مەخمۇت مۇئەللىم مۇشكۈل مائارىپ مۇساپىسىنى مەزمۇت مېڭىپ، ماتېماتىكا مۇنبىرىدە مۇرەككەپ مەسىلە ـ مىساللارنى مۇشكۈل مەشغۇلاتتا مۇھاكىملەپ، ماھىر مېتودىغا مۇجەسسەملەپ، مايىسلارنىڭ مېڭىسىگە مۇئەييەنلەشتۈردى. مەخمۇت مۇئەللىمنىڭ مۇشەققەتلىك مېھنىتىدە مايىسلار ماتېماتىكا مۇساپىسىدە مۇرەككەپ مەسىلە ـ مىساللارنى مۇستەقىل مۇلاھىزىلىيەلەيدىغان ماھارەتكە مۇيەسسەرلەندى.

مەخمۇت مۇئەللىم مايىسلارنى مەردلىك ـ مەردانىلىك مەيدانىدا ماڭغۇزدى، مايىسلار مىڭلىغان ـ مىليونلىغان مەخمۇت مۇئەللىملەرنىڭ مېھنىتىنى مول مەزمۇنلۇق مەرىكىلەردە مەدھىيلىدى.

مۆھتەرەم مۇئەللىمە ـ مۇئەللىملىرىمىز مائارىپ مۇساپىسىدا مەڭگۈ مەشئەلدۇر. مەرىپەت مەيدانى مەخمۇت مۇئەللىمدەك مېھنەتكەش مائارىپچىلارغا موھتاج، مۇشۇلارنىڭ مېھنىتىدىن مايىسلار مەمنۇن، مەڭگۈ مەدھىيلەشكە مۇناسىپتۇر، مەرىپەت مەشئىلى مەملىكىتىمىزدە مەڭگۈ مەدھىيلىنىدۇ.

## مىللىي مائارىپ مەبلىغىنى موللاشتۇرايلى، مۇنەۋۋەر مۇئەللىملەرنى مەدھىيلەيلى

● مامۇت مۇسا ●

(«م» ھەرپى بىلەن يورۇشكەن سۆز ئويۇنى)

م مىللىي مائارىپ ـــ مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەنبەسى، ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مىللىي مائارىپ مەبلىغىنى موللاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش مۇھىم.

مۇئەللىملەر ـــ مىللىي مائارىپىمىزدىكى مەدھىيلەشكە مۇناسىپ ماھارەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، مىللىي مائارىپنى مۇستەھكەملەشتىكى مەشئەل، مەڭگۈلۈك مەدەتكارلاردۇر.

مەگەشتۇر يېزىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر مامۇت موللىھاجىم مۇشۇ مۇھىم مەسىلىنى ـــ مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى مۇستەھكەم مەيداندا مۇقىملاشتۇرۇپ، مەجبۇرىي مەۋلانىم، مومىسى مېھرىبانىخانلار مۇزاكىرىلىشىپ، مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدىن مىڭ مىليون موچەننى مەھەللىسىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مۇراتجانغا ماڭغۇزۇۋەتتى.

مەمۇرىي مەھكىمە، مەدەنىي ـ مائارىپ، مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن مەخسۇتوپ، مەتىمىنھاجى، مەخمۇت، ماھىرە، مەنسۇرجانلار مۇزاكىرىلىشىپ، مەرىپەتپەرۋەر مامۇت موللىھاجىمنى مۇبارەكلەپ مىننەتدارلىق مەكتۇبى، ماددىي ـ مەنىۋى مۇكاپات ماڭدۇرۇشنى ماقۇللىدى، مەھەللىدىكى مويسىپىت، مۆتىۋەرلەرمۇ مامۇت موللىھاجىم، مەجبۇرىي مەۋلانەملەرنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكىنى مۇبارەكلىدى، مۇنەۋۋەر مۇخبىر مۇساجانمۇ مەرىپەتپەرۋەر مامۇت موللىھاجىمنى ماقالىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدا ماختاپ مەدھىيلىدى، مامۇت موللىھاجىم، مەۋلانەم، مېھرىبانلارمۇ مەمۇرىي مەھكىمە، مەدەنىي ـ مائارىپ مەسئۇللىرى، مۇدىر، مۇئەللىملەر، مۇخبىرلاردىن مىڭ مەرتىۋە مەمنۇنلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

مەرھابا مۇئەللىملەر، مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزلەرگە مەھلىيامىز! مېھرىبان، مۆھتىرەم مۇئەللىملەردىن مەڭگۈ مىننەتدارمىز، مىللىي مائارىپ مەبلىغىنى موللاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مۇئەللىملەرنى مەڭگۈ مەدھىيلەيلى!

ETHNIC UNITY



ھۆسن خەتلەرنى قۇربانجان روزى شەيدائى يازغان

شەيتان لۇغەت: ئىسىم كارتوچكىسى ــ ئالدامچىلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى.

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、
哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
聂文华
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第56期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平
南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN——1557
邮政发行代号：58——117
出版日期：1998年1月15日


# 1998年第一期要目


**●特稿**

进一步增强各民族的大团结为把建设有中国特色社会主义事业全面推向二十一世纪而奋斗……司马义·艾买提

国务委员、国家民委主任司马义·艾买提在南疆视察工作…………本刊记者伊德里斯·巴拉提报道

再创民族团结进步事业新的辉煌——访中共十五大代表、国家民委常务副主任陈虹……本刊记者李小林

**●民委主任风采录**

穷人的孩子　百姓的“官”——记云南省民委主任马立三…………本刊记者王红文

**●时事点评**

垦荒：热中要冷……仲　文

**●展望世界**

美国见闻录……伊德里斯·巴拉提

**●人物**

首次获得《文华表演奖》的维吾尔族舞蹈家
——记新疆歌舞团著名青年舞蹈家迪丽娜尔·阿布都拉………穆罕木德·沙里合·买提肉孜

**●说说我的民族**

童稚在说什么……怕孜来提·斯拉义

**●世界民俗大观**

德国人怎样培养子女……

**●思考与研究**

自我完善之我见……买买提明·木沙

**●读者之声**

喜读《民族团结》……努斯来提古丽·阿布都肉苏里

**●花坛**

寓言（一则）……穆罕木德·依明

**●画页**

封面：首次获得《文华表演奖》的维吾尔族著名青年舞蹈家——迪丽娜尔·阿布都拉……阿里木·哈力丁摄

封二：国务委员、国家民委主任司马义·艾买提在南疆视察工作……伊德里斯·巴拉提撰文，阿迪里·穆罕木德摄影

封三：专栏作家参观团在内地参观学习……阿布里米提·吐尔逊摄影报道

封底：鹤望兰……阿布都沙拉木·阿布都热合曼摄影




# ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس
# ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسـ-
# كۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكى
# ئۆلكىلەردە

دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بۇخ ، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد، ئاپپى ئاۋاڭجىنمىيلار بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئىسمائىل ئەھمەد خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە.






«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە نەشرى)نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. سۈرەتتە: يىغىندىن ئىككى كۆرۈنۈش.

ئابلىمىت تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى




# 1998 يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

**1**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

**2**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |

**3**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

**4**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | | |

**5**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

**6**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | | | | |

**7**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

**8**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

**9**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | | | |

**10**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

**11**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | | | | | |

**12**

| Y | D | S | Q | P | J | X |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

《民族团结》维吾尔文版 (双月刊) (قوش ئايلىق ژۇرنال) «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11—1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 3.00元 يۈەن 3.00 باھاسى 邮发代号 58—117 پوچتا ۋەكالەت نومۇرى